

نىمشېھىت

# يۈرەك سۆزى

شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرشىدىن تاتلىق

مىللەتلەر نەشرىياتى



# نىم شېھىت

كەڭ كىتاپخان جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان شائىر "نىم شېھىت" ئەرمىيا ئېلى سايرامى 1906 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىغا قاراشلىق "تىزەك قاغا" كەنتىدە، ئېلى ئاخۇن ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئېلى ئاخۇننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىكى ئابدۇقادىر ئېلى ئىدى. بۇ ئىنىسىمۇ كوزگە كورۇنگەن مائارىپچى بولۇپ، 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئوت يۈرەك ئىنقىلاپچى شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىر قاتاردا گومىنداڭچىلارنىڭ جادۇسىدا توغرالغان.

ئەرمىيا ئېلى دەسلەپكى خەت ساۋادىنى ئوز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە چىقارىدۇ. 1922 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇ بىلىم ئىزلەپ، باي ۋە كۇچار ناھىيىلىرىنىڭ مەدرىسلىرىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. 1930 - يىلى ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى رىتىمى ۋە شەكلى بىلەن يېزىلغان «بازار ۋە مازار» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ئوزىنىڭ دوستلىرى ھەم خەلق ئىچىدە يازما ھالدا كەڭ تارقىلىدۇ. كېيىن شائىر بىلىم ئىزلەپ، ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ راسلاپ بەرگەن خىراجىتى

قالدۇ. ئۇ ئوق تەككەن يېرى بىر ئاز ياخشىلىنىشى بىلەنلا دەرھال دوختۇرخانىدىن چىقىپ، نىم شېھىت (يېرىم جان) دىگەن ئەدىبىي تەخەللۇس بىلەن يەنە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ تېنى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكتىن قەشقەردىن بايىغا قايتىپ كېلىپ، باي ناھىيىسىنىڭ "قېرىيە "دىگەن تاغلىق كەنتىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان پەننى باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىمچىلىك قىلىدۇ.

1936 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق گېزىت چىقارغاندا "نىم شېھىت" شۇ گېزىتنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە يوتكەپ كېلىنىدۇ. ئۇ 1945 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە شۇ گېزىتنى چىقارغۇچىلار قاتارىدا مەسئۇل مۇھەررىرلەردىن بىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1943 ـ يىل 9 ـ ئايدا شائىر ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا، گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن سۈرگۈن ھاۋىدا، يوتكىلىپ بارغان ئوت يۈرەك ئىنقىلاۋىي شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇلار بۇرۇن گېزىت يۈزىدىلا بىر بىرى بىلەن تونۇشقان بولسا، ئەمدى خىزمەتداش، سەپداش بولۇپ، ئاكا ـ ئۇكىلاردەك چىقىشىپ، قېرىنداشلاردەك ھەمكارلىشىپ قول تۇتۇشۇپ بىللە ئىشلەيدۇ.

شېھىرلىرىدا يېڭى ـ يېڭى پىكىر، ئىلغار مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ كەلگەن شائىر بۇ مەزگىللەردە خەلق ئاغزىدا رىۋايەت تەرىقىسىدە كەڭ تۇردە تارقىلىپ يۈرگەن «مىڭ ئۆي ۋە پەرھات ـ شىرىن» توغرىسىدىكى ماتىرىياللارنى توپلاپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ،

بىلەن قەشقەرغە بېرىپ، بىلىم ۋە مەرىپەت تەلەپكارلىرىنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئۇچرىشىپ تونۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ سەممىي ياردىمى بىلەن ئاتاقلىق جامە "خانلىق مەدرىس"كە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە تىرىشىپ ئوقۇيدۇ ۋە شېئىر يېزىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ھورمەت بىلەن قوللاشقا سازاۋەر بولۇپلا قالماي، كەڭ خەلق ئارىسىدىمۇ تونۇلۇشقا باشلايدۇ. مانا شۇ چاغدا شائىردا تۈرلۈك ئىجتىمائىي تېمىدا جۈملىدىن ھەجۋىي تېمىدىمۇ شېئىر يېزىش ھەۋىسى پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەۋەس دەۋر- نىڭ تەرەققىياتى ۋە تەلىۋىگە ماسلىشىپ كۈندىن-كۈنگە ئۇسۇپ ۋە كۈچىيىپ بارىدۇ. ئۇ قەشقەردە پەلسەپىۋى پىكىرگە باي «مادارا ئەئزەم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق شېئىرلار توپلى- مىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ توپلامدا شۇ چاغدىكى مىللىي زۇلۇم ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بەزى تەرەپلىرى (ئاساسەن بايلىق بىلەن كەمبەغەللىكنىڭ پەرقى ھەم ئۇنىڭ مەنبەلىرى) خېلى گەۋدىلىك ئېچىپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا شائىر «ئەنۋارۇلھۇدا» (ھەقىقەت نۇرلىرى) ناملىق ئىشقى قەسىدىنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى 100 بەت ئەتراپىدا بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە شائىرنىڭ قولىدىكىلىرى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن مۇسادىر قىلىنىپ كەتكەن.

1933 - يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىك ۋە تەرەپبازلىق ئۇرۇشىدا شائىر يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ

ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتكەندە، باش دوختۇر داۋالاشتىن باش تارتىپ: "بۇ ئادەمنىڭ كېسەلى ئېغىر، قىرىق كۈنگە يەتمەي ئۆلىدۇ، بۇنى دەرھال ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار!" دەپ هوكۇم قىلىدۇ. ئاقسۇ گېزىتخانىسى داۋالىنىشتىكى چىقىمدىن قېچىپ، شائىر "نىم شېھىت"نى ئىشتىن بوشىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر نىم شېھىت قولىدا بار مال - مۈلۈكنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا هارۋا كىرا قىلىپ، ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى "تىزەك قاغا" كەنتىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ 1945 - يىلىنىڭ ماي ئايلىرى ئىدى. لېكىن ئۇ...... ئۆلمىدى...... بارغانسېرى ياخشىلاندى...... ياشىدى...... يازدى......

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىلقىدىن پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئۇنىڭ قوراللىق قىسىملىرى "قېرىيە" ئارقىلىق بايغا - جەنۇپقا چۈشىدۇ. شۇ يىلى 17 - ئاۋغۇست كۈنى مىللى قوشۇن باي ناهىيىسىنى گومىنداڭچىلاردىن ئازات قىلىدۇ.

شائىر "نىم شېھىت" ئەرمىيا ئېلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاشۇ قوشۇننىڭ تەركىۋىگە كىرىپ، "قوماندانلىق ئىشتاب"نىڭ تەشۋىقات ۋە مەدىنى ئاقارتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مىللى قوشۇننىڭ ئاقسۇغا چۈشكەن قوراللىق قىسىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن يەرلىك قوشۇننى باشلاپ ئاقسۇ كونا شەھەرنى بوشىتىپ، ئىلىغا قايتقاندا، شائىرمۇ

مەشھۇر «مىڭ ئوي ۋە پەرھات ـ شىرىن» داستانىنى يازدۇ ۋە بۇ داستاننى ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ داستان ئۆزىگە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ داستانچىلىق شەكىل ۋە ئۇسلۇبلىرىنى ئۈلگە قىلغان، ئۇنىڭ تىلى، ئوخشىتىشلىرى، ۋەقەلىكلىرى خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن بېيىتىلغان جانلىق خەلق تىلى بىلەن بەدىئىلەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى "غەزەللەر" ئىخچام ۋە لىرىكىلىك، چۈشىنىشلىك ۋە يېقىملىق بولغانلىقى ئۈچۈن كەڭ ئاممىنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئوت يۈرەك شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپ بۇ داستاننىڭ ۋەقەلىك ھەم بەدىي ئالاھىدىلىگىگە ئالاھىدە يۈكسەك باھا بېرىپ ئۇنى "نادىر ئەسەر" دەپ ئاتىغان. شۇڭا ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ گېزىت يۈزىدە ئۈزۈلمەي ئېلان قىلىنىپ ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە كۆپ كۈچ چىقارغان ئىدى.

شائىر "نىم شېھىت" بۇ داستاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرنى يىغىپ ئۆگىنىپ، يۇغۇرۇپ «لەيلى ـ مەجنۇن»نى ئوپېرا قىلىپ يېزىپ سەھنىلەشتۈردى. بۇ ئەسەر لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «غېرىپ ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زوھرە» ئوپېرالىرى بىلەن بىر قاتاردا ئاۋال ئاقسۇدا، كېيىن شۇ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بەزى ناھىيىلەرنىڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا «مىڭ ئوي ۋە پەرھات ـ شىرىن» داستانىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە كىرىشىدۇ. بىراق شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئېغىر ئۆپكە ۋە مىگە ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. دوستلىرى ئۇنى شۇ چاغدىكى ئاتالمىش ئاقسۇ

«رەممال» قاتارلىق خەلق چوچىگىنى ئىشلەپ ئىپلان قىلىدۇ.

ئۇ خەلقنىڭ ئازاتلىقىنى تەشنالىق بىلەن تەلپۈنۈپ كۈتكەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بۇ تەشنالىقنى «سەپەردىكى يارىمغا» دىگەن شېئىرىدا بۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

تاڭ ۋاقتى يېقىنلاشتى،
جانان ئەمدى تېچلانسۇن!
شەپەرەڭ پېشىن قىسىپ،
يەر ئۇيگە بېغىشلانسۇن!
. . . . . . . . .
كېلىشىڭگە مەن تەشنا،
چۈنكى مەن ساڭا ئاشنا؛
پاك ۋىجدان بىلەن ياشنا!......
ئەل يولۇڭغا ئاتلانسۇن!......
. . . . . . . . .
نىم شېھىت نىمە بولدى!
ئۇزىچە بۇگۈن كۈلدى؟
كۈتكەن چاغ يېقىن قالدى......
باشقىلارمۇ جانلانسۇن!......

ئۇ 1949 - يىلىنىڭ 1 - ئوكتەبىرىنى ھەر مىللەت كىشىلىرى بىلەن بىر قاتاردا غۇلجىدا تەنتەنە بىلەن كۇتۇۋالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائى ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئىشلىرىغا ئاكتىپ

قولىغا ئالغان ملتىغى بىلەن قەلىمىنى كوتىرىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ غۇلجىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ غۇلجىدا مىللى قوشۇن باش قوماندانلىق ئىشتاۋى تەشكىل قىلغان "تارىخ يېزىش" ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ. ئىلى، چوچەك ئەتراپىدا ئۇرۇش بولغان يەرلەرنى كوزدىن كەچۇرۇپ، خەلق قەھرىمانلىرى ۋە باشقا ۋەقەشۇناس كىشلەر بىلەن سوزلىشىپ، شۇ يەرلەردە بولغان خەلق ئۇرۇشى ھەققىدە ناھايىتى نۇرغۇن خام ماتىرىياللارنى توپلايدۇ ۋە رەتلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا داۋاملىق شېئىر ۋە ماقالىلار يېزىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى كەڭ تۇردە تەشۋىق قىلىدۇ.

1948 - يىل 1 - ئاۋغۇست ئىلىدا "شىنجياڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى" قۇرۇلىدۇ، شائىر بۇ "ئىتتىپاق"نىڭ كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئۇنىڭ نەشرى ئەپكارى بولغان «ئىتتىپاق» ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ ۋە ئۇ بۇ يەردە «پەرھات - شىرىن» داستانىنى قايتىدىن تولۇقلاپ يېزىپ چىقىپ ئىلى گېزىتىدە ئېلان قىلىدۇ، كېيىن ئۇنى يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئوزىنىڭ خىراجىتى بىلەن ئايرىم كىتاپچە قىلىپ 3 مىڭ نۇسخا باستۇرۇپ تارقىتىدۇ. ئارقىدىنلا «لەيلى - مەجنۇن» ۋە «پەرھات - شىرىن»نى قايتىدىن ئوپېرالاشتۇرۇپ ئىشلەپ، ئىلى سەھنىسىدە ئامما بىلەن يۈز كورۇشتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە نۇرغۇن شېئىر ۋە ماقالىلارنى ئېلان قىلىدۇ ھەم «ئېلان مۇڭگۈزى»،

ىنشلىق ھالدا ھەركەتتىن توختىدى......ئۆتتەك قىزغىن يۈرىگى سوۋۇدى ...... نۇرلۇق كۆزى ئارمان بىلەن يۇمۇلدى ...... كىرپىكلىرى كىرىشتى ...... ئۆتكۈر قەلىمى يېزىشتىن توختاپ قولىدىن چۈشتى ......

بىرقانچە ئونلىغان ئىلمىي ۋە تارىخىي ماقالا، لىرىك شېئىر، داستان، ئوپېرا، شېئىرىي رومان، رۇبائىي قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۆمرىنى سەرپ، كىرپىگىنى قەلەم، قېنىنى سىيا، ساپ قەلبىنى سەھىپە قىلىپ يېزىپ چىقىپ، خەلققە تەقدىم قىلغان ئەدىبىنىڭ غۇنچە بويى، مۇلايىم ۋە كەمتەر جىسمى، ئىللىق چىرايى مانا شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنىڭ ئارىمىزدىن مەڭگۈگە غايىپ بولدى......

1979 - يىل 3 - ئايدا ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆلمەس بەدىي مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمىمۇ بىز بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بۇ توپلام ئەنە شۇنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى بولۇپ، تېخى ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئاساسەن، مېنىڭ تەييارلاپ بېرىشىم بىلەن نەشر قىلىنغان «ۋەتەن مۇھەببىتى» ۋە «شېئىرلار» ناملىق مەخسۇس توپلاملارغا كىرگەن شېئىرلاردىنلا ئىبارەت. بۇلار ئۆز ۋاقتىدا گېزىت، ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان.

شائىرنىڭ ئۆز قولىدا قالغان بارلىق ئەسەرلىرىنى يىغىپ ئۆز رېتى بىلەن نەشرگە تەييارلاش خېلى ئۇزاق مۇددەتلىك

ئاۋاز قوشۇپ، پارتىيە سىياستىنى ئېغىز ۋە قەلەم ئارقىلىق ئاممىغا قىزغىن تەشۋىق قىلىپ تۇردى.

ئۇ 1952 ـ يىلى 1 ـ قېتىم ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ خەلق ۋەكىللەر كونفېرېنسىيىسىگە ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ شائىر داۋاملىق تۈردە ئۆلكىلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ كەلدى. 1957 ـ يىل مايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى، كەسپىي جەھەتتىن خېلى پىشقان، ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ چىنىققان ژۇرنالىست، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئۇسلۇپ شەكىللەندۈرگەن داڭلىق شائىر ئىدى.

لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان يىللاردىمۇ مەشھۇر شائىر قەلىمىنى تاشلىمىدى. بەلكى ئۇ زور غەيرەت ۋە يۈكسەك ماھارەت بىلەن ئىشلەپ، «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» داستانىنى ۋە «گور ئاغزىدىن يانغاندا» دىگەن شېئرى رومانىنىڭ 1 مىڭ 500 كوپلىتىنى يازدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە شېئرى رومانغا يانداپ 300 دەك رۇبائىمۇ يازدى. شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق تېرورلۇقىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ يۈرىكى 1972 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئېچە-

## مۇندەرىجە


ئۇمۇر خاتىرەمدىن ........................................ 1

بىلىم ئىشقىدا ........................................ 9

باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى ........................ 13

بۇيۇك جۇڭگو ........................................ 15

قىزىم يىغلىماڭ! ........................................ 18

ئۇنۇتما ........................................ 26

گېزىت ........................................ 34

ئوقۇغلى كەتكەن ئىنىمغا خەت ........................ 37

ئىلىمگە ئىلھام ........................................ 40

ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاپ ........................ 42

ياشلاردىن ئىلتىماس ........................................ 45

ئىلىم ئۈگەن ........................................ 47

ھەپسىدە كەتكەن دوستۇم ل. مۇتەللىپكە ........................ 48

ئالدىدا ........................................ 54

جىنايەتتىن شىكايەت ........................................ 61

ۋەتەن قۇربانلىرى خاتىرىسىگە ........................ 66

ئىزدىنىش تەلەپ قىلىدىغان قىيىن ئىش. 1962 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شائىر "نىم شېھىت" ماڭا يازغان بىر پارچە سالام خېتىدە: "مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ ئىچىدە مېنىڭ كەسپىمگە قىزىقىپ قولىغا قەلەم ئېلىشقا تەمشەلگەنلىرى ھازىرچە يوق. بايدا مەن يازغان ئەسەر-لىرىمنى كورسىتىپ پىكىرلەشكىدەك كىشى تېخىمۇ يوق ...... مېنىڭ يېشىم ئۇلغىيىپ قالدى. يېزىلىپ پۈتكەن ئەسەرلىرىمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئاما بىلەن يۈز كورۇشەلمەي قېلىشىدىن خېلىلا ئەنسىرەيمەن......" دىگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا جاۋاپ يازالمىغان ئىدىم. بۈگۈن مەن سىزنىڭ كىچىك سەپداشلىرىڭىز-نىڭ بىرسى سۈپىتىدە، سىزنىڭ ئەۋلاتلىرىڭىزغا ۋە كەڭ كىتاپخان دوستلارغا ۋەدە بېرىمەنكى: "ئەي تالانتلىق شائىر، سىز خاتىرجەم ئارام ئېلىڭ!......مەن سىزنىڭ ئەدىبىي مىراسلىرىڭىزنى تېپىپ ئۇنى ئاما بىلەن يۈز كورۈشتۈرۈشكە بېلىمنى چىڭ باغلىدىم......"

ئەرشىدىن تاتلىق

1979 ـ يىل 10 ـ ئاي.

چىقسام ناگا ئىشككە.......................... 171
بەخت تويى .......................... 177
ئالدىدا .......................... 179
مۇھەببەت ئىپادىسى .......................... 185
سېغىندىم.......................... 188
ئۇچرىشىش.......................... 195
ئۇنتۇلماس 22 ـ دېكابىر .......................... 198
ئېچىلغاي گۇلۇم .......................... 202
سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇرىمىز .......................... 205
تومۇر يورغا .......................... 207
ئايدىڭ كېچە .......................... 211
تارىم قىزى .......................... 213
كورگەزمىدىن خاتىرە.......................... 216
شاھيار دىخنىنغا .......................... 223
كورگۇم كېلۇر.......................... 228
بىر نومۇر (ئېيتىشىش) .......................... 232
ھورۇن بىلەن رەنا (ئېيتىشىش).......................... 234
يېڭى شىنجياڭىم مېنىڭ .......................... 236
يۈرەك سوزى .......................... 237
بىزنىڭ جەڭچىگە .......................... 241
ئەسلەيمەن.......................... 245
داغ قوندۇرمايمەن يۈزۈڭگە.......................... 247

دوستلۇرۇمغا ........................................ 69
«ئويغان»! ........................................ 75
ۋەتەن مۇھەببىتى........................................ 78
قەۋرىدىن ئاۋاز ........................................ 80
خاتا ........................................ 85
جاۋاۋىم ........................................ 88
غەلەت ........................................ 93
ئالدىدا ........................................ 96
خەت ........................................100
قەلەمنىڭ تۇۋسى ........................................102
ئايرىلدىم ........................................106
غەزەل ........................................110
سەپەردىكى يارىمغا ........................................113
ئالدىدا ........................................118
رەھبەر خاتىرىسىگە........................................124
مەكتەپ ئىلھامى ........................................128
لەززەت ئالغاندا ........................................130
بىر دىلبىرىمگە ........................................141
ئۇسسۇل ........................................146
قېيىقچى بوۋاي پىلى(باللادا) ........................................151
قىز ........................................159
مۇھەببەت سەۋداسى ........................................168

# ئومۇر خاتىرەمدىن

دەۋر ئىلكىدە بۇ جانىم،
بۇلبۇل بىناۋا بولدى.
سەيرى ئەتمەكىكە جانىم،
شەيدائى ھاۋا بولدى.

بىر مىڭ ئۇچ يۈز ئەللىككە،
قوشتۇق يەنە ئىككىنى،
بۇ يىل يۇرتىمىزدا —
چوڭ پۈتمەس بالا بولدى.

قەشقەر يېڭى شەھرىدە،
دۇشمەن بىلەن جەڭ قىلماق،
باش ۋەكىلىنىڭ ئەمرى دەپ،
مىلتىقنى ئاتا بولدى.

تەرجىئى بەند ........................................250
شېرىن («پەرھات ـ شېرىن» داستانىدىن پارچە) ..................256
رۇبائى ۋە پارچىلار..........................................259

تەككەن ئىدى گەردەندىن،
ئوتتۇپ چىقتى دەندانلىدىن①،
پارچىلىۋەتتى ئىڭگىمنى،
جاندىن ئايرىلا بولدى.

ئوق تەگدىيۇ، ھوش كەتتى،
دوستلارغا خەۋەر يەتتى.
"ئۆلگەن" دەپ گۇمان ئەتتى،
گورگە ئۇزۇتا بولدى.

جىنىڭنى ئالارمەن دەپ،
قابىز② كەلدى بىر ياندىن.
ھەق ئىبىتتى "جىنى تۇرسۇن"،
دەپ رەھمى ندا بولدى.

ھەقنىڭ يارلىغى يەتتى،
قابىز پەيلىدىن قايتتى.
يىنىمدىكى دوستلارغا،
جىنىمدىن سادا بولدى.

---

① دەندان — چىش.
② قابىز — قەبزى قىلغۇچى، جان ئالغۇچى، ئەزرائىل.

سوقۇش بولدى ئۇن ھەپتە،
قانلار ئاقتى ھەر سەپتە،
مەن ئالدىدا، ئوڭ سەپتە،
ئەسكەردىن جۇدا بولدى.

يوق بولدى ماڭا سىددىق①،
قولۇمدا ئىككى مىلتىق،
گەر كەلسە يېقىن دۈشمەن،
دوكرەكنى يارا بولدى.

جەڭ ئوتى قىزىپ كەتتى،
ئەقلىمۇ ئېزىپ كەتتى،
سوقۇشمۇ؟ تاماشامۇ؟
ئىش ئەمدى خاتا بولدى.

پەيشەنبە كۈنى كەچتە،
سائەتمۇ ئىدى بەشتە،
ساراڭ لەڭزىگە ئەگىشتە،
دۈشمىنىم ئاتا بولدى.

---

① سىددىق — ئىشەنچلىك، راستچىل، ھەقىقى دوست.

ھەقىنىڭ ئەمرى شۇنداق دەپ،
سەۋرى بىلەن ياتا بولدى.

گەژگەمدىن تەككەن ئوق،
ئۇڭگەرچەك ئىدى يۇرتۇق.
شۇڭلاشقا بەرگەن سۇ،
كارنايدا تۇرا بولدى.

يۇرەك ئورتىنىپ كەتتى،
تەندە ماغدۇرۇم پۇتتى.
ئەجەل شەرۋىتى ئەمدى،
راستلاردىن داۋا بولدى.

دوختۇرلار بولۇپ ھەيران،
ئىزدىنىشىپ ئامال ھەر يان،
تاپماستىن بىزەر دەرمان،
قارىشىپ تۇرا بولدى.

ئۇزدىلەر ئۇمت جاندىن،
سوزلەشمەكتە ھەر ياندىن،
"بىچارىنىڭ تۇپرىغى
غۇربەتتە قالا بولدى".

ئەڭ ئاخىرقى ئۆمرۈم دەپ،
(ئاللەللاھ)نى ياد ئەيلەپ،
خىقرىغان نەپەس يۇردى،
ئۆلگىنىم خاتا بولدى.

دىللاردىن بولۇپ ۋۇلقان،
ياسىن، پاتىھە قۇرئان،
بېغىشلاپ ماڭا شۇ ئان،
شەپقەتلەر ياغا بولدى.

دوستلار دىللىرى زارى،
قېنىم توختىماي جارى،
ھەركىمنىڭ سۆيەر يارى،
شۇندا ئارىلا بولدى.

ئارىدا ھايال بولماي،
كوتەردى مالال بولماي،
تېزلىك بىلەن دوختۇرغا
يەتكۈزۈپ ئادا بولدى.

جېنىم بولدى ۋەيرانە،
كەلتۈردى شىپاخانە،

كۈنلەرمۇ ئۈتۈۋەدى،
ھەپتىلەر پۈتۈۋەدى،
مەن دوختۇردا ياتقانغا،
ئىككى ئاي راسا بولدى.

سوقۇشمۇ بولىۋەدى،
ئادەملەر ئۆلىۋەدى،
كىملەر دوست ۋە كىم دۈشمەن،
بايقىماي ئاتا بولدى.

دۈشمەنلەر بولۇپ بىر ئوت،
خەلقلەرنى قىلار نابۇت،
يامۇل ئىچىدە سابۇت①
كىمگە پادىشا بولدى؟

دۈشمەنلەر چىقار ئوقتەك،
ئەسكەرلەر قاچار دۈتتەك،
خالىغانچە خەقلەرنى،
ئايىماي بولا بولدى.

---

① سابۇت ــ ساۋۇت دامۇللا ھاجى، باش ۋەكىل.

شۇ ئارىدا بىر دوختۇر،
كوپ جىددى جەھەت ئەيلەپ،
ماشىنىغا سۇت ئېلىپ،
كارنايغا قۇيا بولدى.

سۇت بەرگەچ بىرئاز ئارام،
غەم-قايغۇ بولدى تامام،
دورا بىلەن شەرۋەتتىن،
روھىم ياشرا بولدى.

باغرىم بولدىلەر بەريان،
دەردىم ئىدى يۇز چەندان،
يوق بولغاچ توققۇز دەندان،
چاينىماي يۇتا بولدى.

كوپ ئاقتى مىنىڭ قانىم،
چىقىپ كەتتى يېرىم جانىم،
ئەمدى: "نىم شىھىت"① نامىم،
تارىختا قالا بولدى.

---

① "نىم شىھىت" دىگەن قەلەم ئىسمىم شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ (ئاپتور).

# بىلىم ئىشقىدا

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار، بولۇر ئۇ، گاھىدا بار ـ يوق.

قارا قاشلىق تولۇن ئايلار ساڭا بىرنەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن پۇلدىن ئايرىلساڭ، سېنى تاشلايدۇ ھېچ ئار يوق.

كىرىپ نەپسىڭنىڭ كەينىگە، بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر، ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق.

قۇلاق سالساڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ پەريادى ـ ئاھىغا،
يۇتۇپ زەرداپ پىراقتىن دات دېمەكتىن باشقىچە زار يوق.

تەپەككۇر ئەيلىسەڭ ئىشقى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ھەر دەم،
قاراڭغۇ دەر يورۇق دۇنيانى ھەم ئالەم كەبى تار يوق.

يۇرتلارنى قىلىپ ۋەيران،
خەلقلەرنى قىلىپ سەرسان،
مىلىنى بۇلاپ يەكسان،
يېڭى شەھەرگە يانا بولدى.

ئارقىدىن كېلىپ ئەسكەر،
قولىدا قەلەم ـ دەپتەر،
كىم ئاش بەردى، كىم ئات دەپ؟
دۈشمەنگە يازا بولدى.

دۈشمەنگە تەرەپسەن دەپ،
ئات ـ ئۇلاق بېرىپسەن دەپ،
(دىنىڭ)دىن چىقىپسەن دەپ،
دارلارغا ئاسا بولدى.

بىرسىدىن بۇلانغانلار،
بىرسىدىن تالانغانلار،
زۇلمىدىن تولا جانلار،
زىنداندا ياتا بولدى.

ھىجرىيە 1352 ـ يىل (مىلادىيە 1933 ـ يىل)
شەئبان ئېيى، قەشقەر.

كېتەر پۇلدىن يىغىلغان ھورمىتىڭ، پۇل بىرلەن ئەسرار يوق.

چاپان بىرلەن ئۇزەڭنى پاقىراتساڭ بىر بوياقچىسەن،
بىلىم ئەسرى بۇگۇن سىرلىق، چاپانلارغا خېرىدار يوق.

بۇلاردىن قولغا كەلگەن ئابرويى جىنلارنىڭ چۇشى ئوخشاش،
خىيالى بۇ تىلەكتە سەن كەبى باخشىغا جىندار يوق.

گۇمان قىلما پەلەكنى ھەر قاچان بەختىڭگە چورگىلىمەس،
بۇگۇن باي، ئەرتە سەندەك ھىچ گاداي يوق، بەلكى
قەرزدار يوق.

بىلىمدىن چەتتە كورگەن دولتىڭ جانىڭ جاپاسىدۇر،
جاپا قىلماققا جېنىغا بىلىمسىزدەك سەتەمكار يوق.

بىلىمدىن ھەممە ئىش مەيدانىغا چىققان ئەسىردۇر بۇ
بىلىش لازىم بىلىمسىزلەرگە بۇ ئەسىردە خېرىدار يوق.

بىلىمدىن باتىنىڭ① نۇرلانمىسا، كوڭلۇڭ قاراڭغۇ تۇن،
قۇياش نۇرىغا مۇنكىر② شەپەرەڭلەرگە مەدەتكار يوق.

① باتىنىڭ — ئىچكى دۇنيارىڭ.

② مۇنكىر — بۇ يەردە ئوچ، قارشى دىگەن مەنىدە.

يۇرۇپ مەنمۇ گۈزەل ئىزلەپ جاھالەتكە ئەسىر بولغان،
خالايىق ئالدىدا يۇرسەم، مېنىڭدەك بەلكى ئەغيار يوق.

پاراغەت ئىستىسەڭ، ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما!
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق.

ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا،
قەيەرگە بارسا باش قاتماس بىلىمدەك ئاڭا غەمخار يوق.

بىلىمسىز ساق بۇ تېنىڭ مەجرۇھلاردەك نالە-پەرياتتا،
جاھان ئىچرە بىلىمسىزنىڭ دىلىدەك ئەسكى بىمار يوق.

بىلىمگە ئاشنا بولساڭ ئوقۇش ئىشقىدا بول بۇلبۇل،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ياخشى گۈلزار يوق.

بۇ كەڭ دۇنيانىڭ قانداق پۇچمىقىغا باش تىقىپ ياتساڭ،
بىلىم تارتىپ چىقار مەيدانىغا ھېچبىر كىمگە ئەخبار يوق.

بىلىم روھىي ئوزۇق ئىنسان ھاياتىغا ئەگەر بىلسەڭ،
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگۈچى ئۆلمەس، بۇڭا ئىنكار يوق.

چاپان ھورمەتلىرى ھېچ چاغ چاپاندىن ئايرىلىپ قالماس،

## باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى

كەل ئەي بادى سابا① ئەرزىمنى ئاڭلا! بىناۋا بايمەن.
نىتەي ھەسرەت بىلەن قان يىغلىماقتا مۇپتىلا بايمەن.

بۇ شىنجياڭ تۇپرىغىدا مەنمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن ئالغاچ،
تاۋارىخ سەھىپىسىگە يېزىلىشقا ئاشىنا بايمەن.

دەرىخا دەردۇ-ھالىم سورىغىلى ھىچبىر كىشىم يوقتۇر،
ئېنىڭچۇن ھىچبىر گېزىتلەردە ئېتىم يوق، بىۋاپا بايمەن.

ھەمىشە خىزمىتىم كوپكە يېتىشلىك، ئات كوتەرگەنمەن،
يېرىدىن، ئويىدىن ئايرىلغان يىتىملەرگە ئاتا بايمەن.

---

① بادى سابا — سۇبھى شامىلى، تاڭ شامىلى.

زېمىننى توپ قىلىپ ئويناشنى سەن چاخچاق، گۇمان قىلما!
ھەقىقەتتۇر بۇگۈن ھەر ئىش، "كەمەك"تەك① جادى-
ئەييار يوق.

ئەجەپلەنمە بۇلار كۆكسى بىلىم نۇرىدا نۇرلانغان،
شۇنىڭچۈن كۆكتە، سۇدا، تاغ، دېڭىزدا يۈرسە دىشۋار يوق.

بىلىمدىن تاغنى باغ قىلماقتا ھېچقانداق جاپا كۆرمەس،
ھەسرەتتىن قان يۇتار نادان كىشىلەردەك جاپاكار يوق.

جاھىللار كۆڭلى تۈن ئوخشاش، ئۇنى پەرق ئەتكىلى بولماس،
قارا تۈنگە شەپەرەڭدىن بولەك ئەسلا تەلەپكار يوق.

ئۆزەڭ ھەم "نىم شىپھەت" بۇ پىكرىڭنىڭ تەستىقى بول قۇربان!
بىلىمدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر كەبى قاتتىق گۇناكار يوق......

1936-يىل فېۋرال، باي.

① "كەمەك" — قەدىمقى ئىران شاھلىرىدىن جەمشىتنىڭ ئەييارى.

یەنە «ئاقسۇ ئۇچۇری»دا① ئورۇن یوق بەك خاپا بایمەن.

سەۋەپ کمدن، قەیەردن ماڭا هچکم بر ئورۇن بەرمەس،
ئېنىڭچۇن، ئۇيقۇدن بېشم كوتەرمەستن ياتا بايمەن.

1936 - يىل ئىيۇل، باي.

# بۇيۇك جۇڭگو

بۇيۇك جۇڭگو سېنىڭ بەش مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىڭ بار،
كۇمۇش سۇلار، ئالتۇن تاغلار ھەددىسىز ئورمان باغلىرىڭ بار،
تۇرلۇك مەدەن، نېفىت، كومۇر، ھىچ تۇگمەس بايلىغىڭ بار،
يەر شارىنى تويغۇزغۇدەك كەڭرى مۇنبەت تۇپرىغىڭ بار.

خۇاڭخې دەريا، جۇجياڭ بىلەن ياڭزىجياڭنىڭ شەربەت سۇيى،
تامچە ئىچسەڭ كەتمەس ئۇنىڭ لەززەتلىرى ئومۇر بويى،
جانغا راھەت، تەنگە قۇۋۋەت خېيلۇڭجياڭنىڭ تاتلىق سۇيى،
خەلقىڭ ئۇچۇن ئابى ھايات ئېقىن دەريا سۇلىرىڭ بار.

① قوش تىرناق ئىچىدىكىلىرى شۇ چاغدىكى گېزىت ناملىرى.

تېخى ھەر نەۋئى مەدەنگە مېنىڭ ساندۇقلىرىم تولغان،
زېمىن ۋە تاغۇ-سۇلار كەڭرىلىكتە پۇر باھا بايمەن.

تاپاخور① ئەيلىمەككە مەندە ئوتتۇز جايدا مەكتەپ بار،
ماڭارىپقا ئانە ئەيلىگەن كۈندە راسا بايمەن.

ئېچىلدى مەندىمۇ دارىلمۇئەللىم ئىككى يېرىم ئاي،
قىرىق بەش تەن مۇئەللىمنى قىلغان ئەلگە ئاتا بايمەن.

ئوقۇشقا ياردەم ئەيلەپ چىقاردىم نەچچە مىليون پۇل،
گېزىتكە يازدۇرالماستىن ئوتتۇپ كەتكەن خاپا بايمەن.

ئانە پۇللۇرۇمنىڭ كوپرەگى ئالتۇن-كۈمۈش پۇلدۇر،
بۇ پۇللار نامىنى ھىچ كورمەيىن، كوڭلۇم قارا② بايمەن.

گېزىتتە نەشرى ئەتمەكتىن جاھانغا پاش ئەمەس مەقسەت،
ۋە لېكىن، ئەل قاتارىدا ئېتىم يوق بىھاتا بايمەن.

ماڭا«شىنجياڭ»،«يېڭى ھايات»،«ئىلى»،«چوچەك خەۋەرلىرى»

---

① تاپاخور — پەخىرلەنمەك.

② قارا — بۇ يەردە "گۇمان" مەنىسىدە.

ئىنسانلارنى ھايۋانلاردەك قۇللاشتۇرۇش مەقسىدى بار.

بوش كەتمىدى كوكنى يېرىپ، لوگوچياۋدا ئېتىلغان توپ،
سەندىن بۇيرۇق بولدى بىزگە:
— قارشى تۇرغىن، قوزغالغىن قوپ!
قانغا قان، جانغا جان، تۇر ئورنىڭدىن! بولۇپ توپ-توپ،
ھەممە بىردەك قوزغال قارشى، تاغنى تەۋرەت ھەم كوكنى يار!

دەرھال كۈرەش باشلىدۇق بىز، دۈشمىنىڭگە قارشى تۇرۇپ،
ئازاتلىق دەپ پۈتۈن خەلقنى بىر نىيەتكە ئۇيۇشتۇرۇپ،
ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپتە گاڭ-پولاتتىن قورغان قۇرۇپ،
دۈشمىنىڭنى گۇم قىلىشقا قەتئىي كۈرەش ۋەدىمىز بار.

سۇندۇرالماس كۈچىمىزنى شەرقىنىڭ ياۋۇز چايانلىرى،
تىز پۈكمەيمىز قانچە بولسا زەھەرلەشكەن پىلانلىرى،
تېخى مەھكەم بىرلەشتۇردى بىزنى ئۇنىڭ زىيانلىرى،
چوقۇم يېڭىمىز بىزدە ئۇلۇغ خەلق كۈچى-يولەنچى بار.

خەلقىمىزنىڭ قانلىرىنى ۋەھشىلەرچە ئېقىتتىڭمۇ،
گۈزەل ئاۋات شەھەرلەرنى بومبا بىلەن يىقىتتىڭمۇ،
يەر-ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىپ، زەھەر تەمىن تېتىتتىڭمۇ،

گەر تەۋرەنسە تاغنى يوتكەپ باشقا جايغا تاغ قىلغىدەك،
سۇيى ئۇلۇغ دەريالارنى ئىتتىپ-توسۇپ توختاتقىدەك،
يەردە يۈرۈپ، سۇدا ئۈزۈپ، كوكتە ئۇچۇپ نام ئالغىدەك،
باتۇر يۈرەك توت يۈز ئەللىك مىليون نوپۇس ئەللىرىڭ بار.

ئويناقلىشىپ يايراپ يۈرگەن تاغلىرىڭدا كىيىكلىرىڭ،
سىنى كۈيلەپ سايراپ تۇرغان چىمەنلىكتە بۇلبۇللىرىڭ،
ئازات-ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن سۇدا ئالتۇن بېلىقلىرىڭ،
مىليون سىرلار يوشۇرۇنغان قاتلام-قاتلام جايلىرىڭ بار.

بۇنى كورۇپ چىدالماستىن كوپتىن بېرى تەييارلىنىپ،
بار-يوقىنى راسخوت قىلىپ، قول-پۇتقىچە قوراللىنىپ،
غالجىرلىغان پەيلى بۇزۇق يىرتقۇچلىرى راست تاللىنىپ،
ئوزىنى ئاتتى لۇگوچياۋغا شۇم ئاياقلىق ياپون پاكار.

شۇنىڭ بىلەن سۈزۈك ھاۋا-يورۇقلۇقنى باستى تۇمان،
بۇلاپ-تالاپ، قىرىپ-چېپىپ، سۇ ئورنىغا ئېقتتى قان،
شۇنداق بىرئاز ئىلگىرىلىدى، دەسلىۋىدە ئىتتىك بوران،
ۋاقتىنچىلىك بىرقانچە جاي توردا بولۇپ قالدى شىكار.

دۇشمىنىڭگە يول قويۇشتى ساڭا ئوگەي ساقلاندىلا،
ئەينەككە داغ ئورنىتىشتى ۋەھشىلەرچە شۇ ئاندىلا،
ئادەم سۇرەت، چېقىر كوزلۇك، سېرىق كوينەك ئاپەت-بالا،

تۇگەپ كەتكەن يىغلايدىغان قارا يىللار،
شەپقەت تۇزىن تېتىمىغان تۇزسىز دىللار.

دەرۋەقە ئۇ چاغدىكى تۇزاقچىلار،
قىزغا قىيىن، ئۇزىگە ئويۇن مازاقچىلار.

خوتۇن ـ قىزنى ئۇ بىھايا "قانۇن" بىلەن،
يىغلىتاتتى ئويدە تاپقان "زاكۇن" بىلەن.

ئوغۇللارغا "ئېزىش" يولىن ئۇگىتەتتى،
تاپتىن چىقسا، خەۋپلىك نىشان كورسىتەتتى.

قىزىم سىزدەك ئايالارنىڭ دەردىمۇ ھەم،
يالغۇز ئانا ئۇستىگە يۇكلەيتتى غەم.

ئېغىر تۇرمۇش ئاستىدىكى قىز ـ ئايالا،
ئۇلاق بېقىش، تېزەك تېرىش، ئىش بىلانلا؛

مەشغۇللىنىپ مەكتەپ يۇزىن كورمەس ئىدى،
تۇرمۇش خەۋپى ئۇنى خوشال قىلماس ئىدى.

ئانا سۇتى تېخى تەنگە سىڭمەستىنلا،

پەقەت گەپ بىر، باش ئەگمەيمىز بىزدە بۈيۈك تايانچى بار.

شۇ نىيەتتە، شۇ كۈرەشتە ئالتى يىلغا قەدەم باستۇق،
كۈرەش قىلىپ، غالىبىيەت مەنزىلىگە يېقىنلاشتۇق،
چىداملىق روھ، غەيرەت بىلەن تۇتقۇنلۇقتىن يىراقلاشتۇق،
چوقۇم يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن بىزدە قەتئى ئىشەنچى بار.

1942 ـ يىل ماي، ئاقسۇ.

## قىزىم يىغلىماڭ!......*

قىزىم بۇ چاغ يىغلايدىغان زامان ئەمەس،
قىز يىغلىسۇن، ئوغۇل كۈلسۇن ھېچكىم دىمەس.

---

* 30 ـ يىللاردا ئىلغار ۋە ئىنقىلاۋىي ئىدىيىلەرنىڭ تەرتكىسى ھەم تەسىرى ئارقىسىدا شىنجياڭدا ئاياللار ئەركىنلىگى، نىكا ئەركىنلىگى قاتارلىق ھەركەتلەر بىلەن بىر قاتاردا خوتۇن ـ قىزلارغا زامانىۋى پەننى مەكتەپلەرنىڭ ئىشىگىمۇ ئېچىلىشقا باشلىغان ئىدى، شائىر بۇ شېئىرىدا ئوقۇش يېشىدىكى قىزلارنى پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي بىلىم ئېلىشقا، كونىلىقنى تاشلاپ جەمىيەتتە ئۆزىنىڭ رولىنى ئاكتىپ ھالدا جارى قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

بەزىلىرى ئاخىر جاندىن تويار ئىدى،
ناھەقتىنلا سىرتماق سېلىپ ئۆلەر ئىدى.

ياكى دەريا، كول، قۇدۇقتا ئۆزىنى تاشلار
. . . . . . . . . . . .

ھەي، بولمىغۇر كوپ ئۇچرايتتى ئەھۋال مۇنداق،
كىم غەم يېسۇن؟ جاۋاپ ئاسان: "تەقدىر شۇنداق"

* * *

تۇققان ئانا قىز كەلگۇسىن بىلەر ئىدى،
قىزغا "بەخت" خۇدايىمدىن تىلەر ئىدى.

— كوپ پۇلى بار بايغا نىسىپ ئەيلىگەي — دەر،
— قىيىنچىلىق تۇرمۇشىنى ھېچ كورمىگەي — دەر.

— تويلۇغىغا كەلگەي نەچچە كالا - مالدىن،
بەتىنگەيۇ، دۇخاۋا ھەم بۇرۇتمە شالدىن.

دولەت - راھەت كورۇپ ئۇنىڭ كوزى تويغاي،
ئىچكىرى ئويىنىڭ تورىگىلا "خېنىم" بولغاي.

رەنجى - ئەلەم، مۇشەققەتنى ھېچ كورمىگەي،

يېشى ئۇنىڭ ئون ئۇچلەرگە يەتمەستىنلا.

"توهمەت يېشى" بىر ـ ئىككىنى قوشار ئىدى،
تار قەپەزگە ئۇ قىز دەرھال چۈشەر ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز باغدىن ـ باققا قاچقان،
بەزىلىرى جاندىن تويۇپ، تاققا قاچقان.

ياكى ئاتا قىزغا بىرئاز رەھمە قىلغاي،......
ياكى ئانا بېرىپ ئۇنىڭ ھالىن سورىغاي......

ياكى يىگىت دىلىن بىرئاز يۇمشاتسىچۇ،
ياكى "قانۇن" ئۇندا بىرئاز يول تاپسىچۇ.

ئالغان يىگىت پۇل خەجلىگەن، قىلمايدۇ غەم،
يۇرت ـ مەھەللە توي ئوينىغان، ئۇرمايدۇ دەم.

قانداق قىلسۇن توت تەرەپكە باشنى ئۇرۇپ،
تىنماي يىغلار يۈرەك ـ باغرى قانغا تولۇپ.

ئاسمان ئىگىز، يەر ئۇنىڭغا قاتتىق كەلگەن،
چىداش بەرسە جان ئۇنىڭغا تاتلىق كەلگەن.

بۇنداق ئۇيلاپ مېھرىۋان ئانا ئېغىر غەمدە،
چوڭقۇر خىيال باسقان ئۇنى ھەر قەدەمدە.

گايى تەدبىر ئۇنى كوككە ئۇلاشتۇرغان،
گايى تەقدىر غەم چولگە ئۇلاقتۇرغان.

ھېچبىر ۋاقىت بىر ئۇمىتتە تۇرالمايدۇ،
ياكى ئويلاپ بىرەر تەدبىر تاپالمايدۇ.

بايلاردىن ئۇنىڭ كوڭلى خارلىنىدۇ،
يوقسۇللۇقتىن دىلى تېخى زارلىنىدۇ.

قىزىم، ئەمدى ئۇنداق زامان يىراقلاشتى،
خەلق ئويغىنىپ ئاڭ-سېزىمى تۇراقلاشتى.

ئاڭلىغانسەن بۇندىن توققۇز يىللار بۇرۇن،
يېڭى ھايات ئولكىمىزدە ئالدى ئورۇن.

شۇندىن بۇيان يوقۇرقىدەك دەھشەت زامان،
گۇمران بولدى زەربە يېدى جوت-شۇۋرغان.

كورگەنسەن ئوي يېنىدا كىچىك يولنى،

يىمەك ـ ئىچمەكتىن باشقىنى ھېچ بىلمىگەي.

نىسىپ بولسۇن ئالتۇن ساپاق، ئالتۇن ئۈزۈك،
دوپپا، قاداق، بىلىگىگە قوش بىلەيزۈك.

غۇلاچ تاتما، گۈيەك ئاسقان چۇمبەل بىلەن،
سوسەر تۇماق، ئەتلەس كوينەك ـ تامبال بىلەن.

ئۆمرى ئىچرە تاشقىرىغا بىر بار چىقسا،
دوست ـ دۈشمەنىنىڭ كوز ئالدىدىن توغرا ئۆتسە،

قالماس ئىدى شۇ دۇنيادا بىزدە ئارمان،
نىسىپ ئەتسۇن بۇ تىلەكنى ئىگەم راخمان.

تەقدىر يەنە بۇ ئۇمىتنى يوق قىلىدۇ،
كىمگە نىسىپ بولۇشىنى كىم بىلىدۇ؟

ئالغان يىگىت بىر تەرەپكە كېتەرمىكىن؟
قېينانىدىن ئازار كۆلپەت يېتەرمىكىن؟

ئۈچ خوتۇنلۇق ئەرگە تېگىپ قالمىغىيدى؟
گۈلدەك يۈزى خازان بولۇپ سولمىغىيدى؟

ئۇزىڭىزنى دەۋرى بالىسى، بەختلىك بىلىڭ،
بۇ ۋاقىتتا ئىكارلىقنى هارام قىلىڭ!

ئېغىز گەپكە كەلگەن هامان ئوقۇغ قىزىم،
يېڭى قۇرۇلۇش ساھەسىدە بېسىڭ ئىزىم.

ئالغا ئاتلاڭ بەلكى بىزدىن نەچچە چەندان①،
دەشت بىنەملەر بولۇپ كەتسۇن كوكۇلمەيدان.

توپ - توزلەنسۇن ئېتىزلىقلار - ئەگرى قىرلار،
گۈلدۈرلىسۇن ئېتىزلاردا تىراكتورلار.

بۇ ھەدىيە ئۇلكە چىچەك مۇنچاقلىرى،
قوبۇل قىلىڭ بارلىق مىللەت قىزچاقلىرى.

1943 - يىل فېۋرال. ئاقسۇ.

---

① چەندان ـــ ھەسسە.

چوڭ قەدەملەپ ئۆتۈۋاتقان قىز-ئوغۇلنى.

گۆس-گۆس چامداپ ماڭغىنىغا قارىغانسەن،
— قەيەرلەرگە بارىدۇ؟ — دەپ سورىغانسەن.

— ئوقۇش ئۈچۈن بارىدۇ، قىزىم ئاڭلا!
جەمىيەتنى گۈللىتىدۇ بۈگۈن تاڭلا!

شۇنىڭ ئۈچۈن، غەم قىلمىڭىز ھالىڭىزغا،
بەخت ئىشىگى ئوچۇق سىزدەك مىليون قىزغا.

ئۆيدە گايى بۇندىن سوزلەر قىلىشقاندۇ،
"قىز-ئايالنىڭ بەختى بۇ" دەپ ئېيتىشقاندۇ.

لېكىن، نەدىن كەلگىنىنى ئېيتتىمكىن؟
بۇ تۇرمۇشنىڭ قىممىتىگە يەتتىمكىن؟

بىلىڭ بۇ ئىش ئىنقىلاپنىڭ مىۋىسىدۇر،
سىز، بىز ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ جىلۋىسىدۇر.

سىز غەم يىمەڭ ھېچبىر ۋاقىت يىتىم ئەمەس،
يېڭى جۇڭگوا پەرزەندىنى يىتىم دىمەس.

ئوقۇش يېشى ۋاقتىدا،
قىمارۋازغا قېتىلغان،
ئۇتتۇرغاننى تولەلمەي،
ئات-كالىدەك سېتىلغان.

گۇناسىزلىق "گۇنا!" دەپ،
ناھەقتىنلا ئېتىلغان،
ئېچىلمىغان غۇنچىدەك،
باللىرىڭنى ئۇنۇتما!

ئېسىڭدىدۇر بۇرادەر،
تۇتقۇنلۇقتا تۇرغۇنۇڭ،
تولا يىغلاپ، "ئاھ" ئۇرۇپ،
چاچ-ساقالنى يۇلغۇنۇڭ.

كېچىپ بۇنداق ھاياتتىن،
تىرىك گوردە بولغۇنۇڭ.
قولۇڭ ئارتقا باغلانغان،
داغلىرىڭنى ئۇنۇتما!

ئۇ كۇنلەردە دەر ئىدى:
"ئالۋاڭ دىگەن گالۋاڭغا!"

## ئۈنۈتما

دوستۇم ئون يىل بۇرۇنقى،
كۆنلىرىڭنى ئۈنۈتما!
تاڭ ئاتقىچە يىغلىغان،
تۈنلىرىڭنى ئۈنۈتما!

مۇستەبىتلەر ئالدىدا،
ئىتتىن بەتتەر خار ئىدىڭ.
ھەقسىز ئىشلەش يېرىدە،
كېچە-كۈندۈز بار ئىدىڭ.

كۆنلەر بويى ئاچ يۈرۈپ،
پارچە نانغا زار ئىدىڭ.
قايناقسۇمۇ كورمىگەن،
چاغلىرىڭنى ئۈنۈتما!

بىرئاز پۈرسەت تېپىلسا،
يېتىپ ئېلىش ھاياندەك،
ساق تېنىمنى "كېسەل" دەپ،
ياتقىنىمنى ئۇنۇتما!

غەم يۈكلىرى ئاستىدا،
بولغان بېلىڭ ئىككى مۈك،
تەييار ئىدى رۇسلانساڭ،
ئىككى پۈتقا بىر ئۇتۇق.

قورقۇنۇشتا دەز كەتكەن،
يۈرەكلىرىڭ دەككە ـ دۈك،
كامالەكتەك پۈكۈلۈپ،
يۈرگىنىمنى ئۇنۇتما!

يەر ئاغزىنى ئاچاتتى،
باقساڭ سېنى يۇتۇشقا.
كوككە باقساڭ تووەنلەپ،
چۈشكەن سېنى بېسىشقا.

ئىللىق شامال ـ سالقىنلار،
سېنى ئوتدا قويۇشقا،

يېتىشمەيتتى ئون تو‌خاك،
بىر توخۇملۇق ئالۋاڭغا.

رەھىم - شەپقەت قىلمايتتى،
ئاچ - يالىڭاچ قالغانغا.
دەرمانى يوق دەرتلەرگە،
پاتقىنىڭنى ئۇنۇتما!

قارا كۆڭۈلەر يۈرەكنى،
زەرداپ قىلىپ ئېقىتقان.
"خوش تەخسىر!"دېيىن چىقىسلا،
قامچىدىن قان تېمىتقان.

مۇجۇپ زەھەر چاڭگاللار،
ئىككى پۈكلەپ يىقىتقان،
تىرىك تاپقا كەيدۈرگەن،
تونلىرىڭنى ئۇنۇتما!

دېۋەيلىشىپ تۇرۇشقان،
چاققاق - زەھەر چاياندەك.
شۇنىڭ ئۈچۈن، چىرايلار —
بولۇپ قالغان ساماندەك.

جاللاتلارنى يىقىتىپ،
يەر بوشۇككە بولىگەن،
كېلىپ سېنى قولتۇقتىن،
ئىككى قوللاپ يولىگەن؛

كوز يېشىڭنى تازىلاپ،
چاڭ ـ تۇماننى پۇلىگەن،
تىلەكلەرنى ھەل قىلغان —
دوستلىرىڭنى ئۇنۇتما!

بەختىڭگە بەك مۇۋاپىق،
دوستلارغا جانۇ ـ دىل ئۇ،
تېچلىقنى ئورنىتىشتا،
دۇشمەنگە ئەزرائىل ئۇ.

ساڭا ئەجەپ مۇلايىم،
ئۇنىڭغا شىر ۋە پىل ئۇ.
كويۇپ پىشار چاغدىكى —
سايىۋەننى ئۇنۇتما!

قىش ـ ياز دىمەي بېغىڭدا،
بىردەك ئېچىلسا گۇللەر.

دەھشەت تۇمان ئىچىدە،
قالغىنىڭنى ئۇنۇتما!

بوققان زۇلۇم ئەتراپنى،
قىمىرلاشقا ماجال يوق.
ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن،
قۇتۇلۇشقا ئامال يوق.

قانات - قۇيرۇق يۇلۇنغان،
ۋاقىت يەتسە ھايال يوق.
تەقدىرىڭنى شۇنداق دەپ،
تۇرغىنىڭنى ئۇنۇتما!

ئىسسىق قاننى سوۋۇتۇپ،
جان بوغۇزغا يەتكىچە،
پۇت - قولۇڭنى بوغۇشلاپ،
كانايغا تىغ تەككىچە؛

(بىسمىللا)نى دەپ بولۇپ،
(ئاللاھۇ ئەكبەر)نى ئېيتقىچە،
"ئازاتلىق!" دەپ قوزغالغان،
چوڭ دولقۇننى ئۇنۇتما!

تەڭ ھوقۇقسىز توختامنىڭ،
زىندانلىرى بۇزۇلدى.
تەڭلىك توختام تۈزۈلەر —
كۆڭلىرىڭنى ئۈنۈتما!

ھازىر سىنىڭ چېلىشىڭ،
ئۈچ يەتتىگە ئۇلاشتى.
دۈشمىنىڭمۇ ئامال يوق،
كۈندىن - كۈنگە سولاشتى.

ئاخىرقى ئۆمرى قىستاپ،
ئەجەل ھىدىن پۇراشتى.
غالىبىيەت ئاساسىن —
قۇردۇڭ، بۇنى ئۇنۇتما!

يېقىن قالدى دۈشمىنىڭ،
گور ئىچىگە موككىسى.
يا بولمىسا باللىرىڭ،
ئۆچەي - قارنىن توككىسى.

ياكى دېڭىز قەھرىگە،
بېرىپ ئاستىن چوككىسى.

ئىرپان سۈيىگە سىراپ،
بولسا گەر قىز - ئوغۇللار.

تۈزلەنسە ھارىۋاك سۈنغان،
ئوي - دوك ئەگرى يوللار.
تۈز يولدا مەغرۇرلىنىپ،
يۈرىشىڭنى ئۇنۇتما!

ئون يىل ئىچىدە ئۆلكەم،
ئوسۇش تەرەپكە ئۆتتى.
ئەكس تەرەققىچىلەر —
قايتماس تەرەپكە كەتتى.

دولەتنىڭ ئارقا تېمىغا،
گاڭدىن ئىمارەت ئەتتى.
بۇ خۇرسەنلىك ئىلىكدە —
بولغان كۈننى ئۇنۇتما!

ھور - ئازاتلىق چېلىشىڭ،
يەتتە يىلغا سوزۇلدى.
باسقۇنچىلار نۇقتىسى،
ئاخىر چىرىپ ئۈزۈلدى.

ئەلگە خەۋەرچى، ئۇزاق سەپەرچى،
دۇنيادا مەشھۇر خالىس بىر ئەلچى.

ئىنسانلار ئۇچۇن مەدىنى ئوزۇق،
دۈشمەن كوكسىگە بولسىمەن قوزۇق.

يىراق - يېقىننى ئاڭلىشىم بىردەك،
ياخشى - ياماننى تاللىشىم بىردەك.

قەيەرگە بارسام مۇبارەك قەدەم،
ھورمەتلەپ ئالار كورگەن ھەر ئادەم.

دوستلارغا توھپە، دۈشمەنگە خەنجەر،
بۇ دىلغا ئارام، ئۇ دىلغا نەشتەر.

كورۇشۇم ئۇچۇق، سوزلىشىم شىرىن،
ھىچ ئىش بولالماس مەندىن يوشۇرۇن.

بىردەمەن ئەلگە كوپلىگەن ئىلھام،
تۇمەنلەپ خەۋەر مىليونلاپ ئىنئام.

بۇرۇن غەپلەتكە خەلقىم پۇركەنگەن،

شانلىق زەپەر سەندىدۇر،
يېقىن قالدى ئۇنۇتما!

1944 - يىل يانۋار، ئاقسۇ.

# گېزىت

ئەل ئىچرە مەشھۇر نامىدۇر گېزىت،
جېنىم ھەم تېنىم قانىدۇر گېزىت.

مەسئۇلىيىتىم تاغدىنمۇ ئېغىر،
ئىشلىمىسەم ئۇنى قانمايدۇ بېغىر.

كوزلىگەن نىشان ئاسماندىن ئېگىز،
مەنزىلىم ھاۋا قۇرۇق ھەم دېڭىز.

ئىنقىلاپ يولى مايىكىم مېنىڭ،
شامالدىن تېزدۇر ئايىغىم مېنىڭ.

## ئوقۇغىلى كەتكەن ئىنىمغا خەت

چىمەنلىكتە بۇلبۇل ئەركىن سايرىشىپ كەتسۇن،
ئانا ۋەتەن قۇچىغىدا يايرىشىپ كەتسۇن،
چوغلۇق دىلغا باھار بۇلۇتى ئەتىرلەر سەپسۇن،
ئىرپان سۇيى ئەلەمزادىلەر قەلبىگە يەتسۇن،
ئوقۇش ئۈچۈن كەتكەن ئىنىم مۇرادىغا يەتسۇن.

ئىلمۇ-ئىرپان دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرماقتا،
تەشنا لەۋلەر بەھرىلىنىپ سىراپ بولماقتا،
شۇم قۇش ئۈۋىسى بىر تەرەپتىن چۇگۇلماقتا،
ئوقۇش، ئۈگىنىش خەلقىمىزگە زورۇر بولماقتا،
قانلار يۇتۇپ شەيتان لەئىن دوزاققا كەتسۇن.

ئولكەم ئىدى ئون يىل بۇرۇن مەيدى ئاغرىقچان،
خەلقىمىز ھەم ھەيكەل بولۇپ قالمىغانتى قان،

ئالغا بېسىشنى مەندىن ئۆگەنگەن.

باشلايمەن ئەلنى يېڭى قۇرۇلۇشقا،
بەخت ـ سائادەت، يېڭى تۇرمۇشقا.

ساداقەتلىكنى كۆڭلۈمدە تۇتۇپ،
پۈتۈن خەلققە ئۇنى ئوقۇتۇپ.

شۇ بىلەن خەلقنى قىلىمەن بەختلىك،
دولەت ئىچىدە تاجۇ ـ تەختلىك.

دىيانەت بىلەن ئاجرىتىپ تونۇش،
پۈتۈن ئىشلاردا نومۇسچان بولۇش.

تەلىماتىمدۇر، مەندىكى ھۈنەر.
ۋەتەنگە، خەلققە، يۇرتقا كويۇنەر.

1944 ـ يىل مارت، ئاقسۇ.

جاھالەتنىڭ ئىشىگىنى چىقىپ تاشلىدى،
ئوقۇش ئۈچۈن ھەممىزگە كەڭ يول باشلىدى،
خەلقىمىز شات، دۈشمەنلەرنىڭ كوزىنى ياشلىدى،
نادانلىقنىڭ تورلىرىنى يىرتىپ تاشلىدى،
بۇ يول بىلەن بارلىق خەلقىم مەقسەتكە يەتسۇن

ئوقۇ ئىنىم، مىنۇت چىغىڭ بوشقا كەتمىسۇن!
جەمىيەتنىڭ كۈتكەنلىرى بىكار كەتمىسۇن!
ھورۇنلۇقتىن ساڭا كىيىن ئەلەم يەتمىسۇن!
خىجىللىقتا يەرگە پىتىپ، بىشىڭ قاتمىسۇن،
تىرىشچان بول! خەلق ساڭا رەخمەتلەر ئىيتسۇن.

جەمىيتىم ئايرىدى ساڭا بىر بولۇم خىزمەت،
مۇمكىن ئەمەس ئورۇندىماي، ئاڭا قىل دىققەت!
قايتماس روھ بول! كۈرەش ئۈچۈن توپلىغىن غەيرەت،
مەيۇسلەنمە، تاغ-داۋاندىن ئاتلا، قىل جۈرئەت،
ئالى غايەڭ خانتەگرىدىن ئۈستۈنرەك بولسۇن.

مەخسۇس ئەمەس بۇ ئىيتقىنىم ئىنىمغا تامام،
قۇلاق سالسۇن ئوقۇش ئۈچۈن بارغان خاسىئام،
تەسرلەنسۇن بارچە مىللەت پەرزەندى ئۈكام،

شۇم بۇيلار تېگىدە بېسىلىپ قالغانتى رەيھان،
بولمىغان نان ياكى تەندىن چىقمىغان بۇ جان،
تازىلانغان بۇ ئىللەتلەر قايتىپ كەلمىسۇن.

ئۇ كۇنلەردە قۇرۇق سوڭەك گەۋدىلىك دىخان.
چۈنكى، خەلقنىڭ كوپى كېسەل، قالغىنى نىمجان،
ئەڭ يۇقۇرى دورا بولۇپ "كىرگۈزەتتى جان،
يالپۇز بىلەن يۇمغاقسۇت، ئارپا بىدىيان......"
كورمىسۇن كوز، ئىبرەت ئۇچۇن قۇلاق ئىشىتسۇن.

ئۇزاق ئۇتمۇش مۇدھىش ئىدى شۇنداق بەك يامان،
هالسىز بەدەن، قانسىز چىراي سارغايغان سامان،
كوزىمىزگە تار كورۇنگەن كەڭرى بۇ جاھان،
ئېسىت، بىزنى ئەزگەن ئىكەن شۇم دەھشەت زامان،
كۇلى ئۇچسۇن كوككە مەڭگۇ، ئەمدى كەلمىسۇن.

زۇلۇم شۇنداق چەككە يەتكەن، مەن ئىدىم بىتاپ،
تۇيۇقسىزدىن ئەلدىن كەلدى "ئويغان!" دەپ خىتاپ،
ئەل ئويغاندى، جانلار ئازات بولدى بىھساپ،
ياڭرىدى دىل، خەلق قۇردى بىلىمگە ئىشتاپ،
دىدى خەلقىم چىن كوڭلىدىن: "ھورلۇك ياشىسۇن!"

يىگۈزمەي تارتىۋالغان پۇل ۋە ماللار زادى كىمنىڭكى؟......
ۋە يا ئەمگەك بىلەن تاپقانمۇ گومىنداڭنىڭ ئىپلاسى!

زۇلۇمنىڭ قامچىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە كوتەرگەن يوق،
بۇ سوزنىڭ ھەقلىغغە شاھىدىم ئىنسانى دۇنياسى.

قەبىھ دۇشمەنگە قارشى سەن كۇرەشكە چىقمىساڭ ئەسلا،
يۈز ئەللىك يىل ئۆمۈر كورمەككە بارمۇ تەگرى ئىمزاسى؟!

قورال تۇتماي، كۇرەش قىلماي، پەقەت ئەركىن ياشىيالمايمەن،
جاھان بازارىدا شۇنداقلا ئازاتلىقنىڭ سوداسى.

قارا قاش ئورنىغا ئەمدى قىلىچنى ياخشىراق سۈيگىن،
ھايات ئۇ، ھەرگىز ئولمەيدۇ، كۇرەشكە بولسا ئىخلاسى.

ئېلىڭ، يۇرتۇڭ، ھاياتىڭ ھەمدە ئەۋلادىڭنى قايغۇرماي،
قوساق تويغانغا شۇكرى ئېيتساڭ، بولۇرسەن ھەممىگە ئاسى.

كېسىپ ـ چاپ دۇشمىنىڭنىڭ باشىنى قويما يۇرتۇڭدا!.....
بۇڭا تەكلىپ قىلۇر قەلبىڭدە ۋىجدانىڭنىڭ شولاسى.

ياش يۈرەكلىك قەھرى ئاكاڭ يوللايدۇ سالام!
ئەل خىزمىتى كوكۇللەرگە يىلتىزلار تارتسۇن.

1944 ـ يىل ماي، ئاقسۇ.

# ئىلىمگە ئىلھام

يۈرەكتە داغى ھەسرەت، دىلدا ئازاتلىق تەمەنناسى،
نەدۇر ئازات دىسەم، كوكسۇمدە بار "قۇللۇق"نىڭ تامغاسى.

ھاياتىم ھالال ئەمگەك ۋەتەن ھەم ئەردى مىراسىم،
كېلىپ بىر مۇتىھەم قىلماقتا خوجايىنلىق دەۋاسى.

ھالال رىسقىمنى ئەركىنلىكتە مىننەتسىز يىيەلمەيمەن،
تۇرالمايدۇ بىر تۇخۇمغا تەڭ ئۇن توخامنىڭ ھەممە ئەزاسى.

ئەگەر بىركىم زۇلۇمدىن مىڭ تۇمەنلەپ زارلار قىلسا،
چاتاق يوق تېخى ئاشماقتا ئۇنىڭ سەيلى ـ تاماشاسى.

ئېسىڭدە بارمۇ؟ "دىن" شۇ دەپ، سەنمىنجۇيىغا باش ئېگىپ،
شۇڭا بېغىشلىغان شېرىڭ، ماقالا، ھەممە يازغانىڭ.

ئەگەر "يېڭىلىپ" ۋەتەن، مىللىتىڭ ھەققىدە گەپ قىلساڭ،
گۇمان يوق يەتتە يىل زىنداندا ياتماق بولدى جەريانىڭ.

زىيالى دەپ تونۇلغان مەيلى ياشلار، مەيلى دىخانـلار،
خىيانەتكار دىگەن نامدا بۇزۇلدى لالە ـ رەيھانىڭ.

ناماز ئۇرنىغا ھەر كۈن ئىككى نوۋەتتىن قەسەم ئىچتىڭ،
ئېسىڭدىن كەتمىگەندۇ، شۇم ياغاچ ئالدىدا تۇرغانىڭ.

قاراپ باق، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن پەقەت تىنماي مىدىرلايسەن،
يەنە ئاخىر قۇرۇق قالغان قولۇڭ، يانچۇق ۋە پۇلدانىڭ.

تەشەككۇر ئېيتىسەن مىڭ بار، ئوغۇل بالا يۈزىنى كورسەڭ،
بىلىپ قوي! ئاڭا ئالۋانچى تۇغۇلغان قىز ۋە ئوغلانىڭ.

ساڭا مەھكۇمىيەتنى ھەق ئەزەلدىن تەقدىر ئەتكەنمۇ؟
ئاڭا تەقدىم ئېتىلگەنمۇ چىرايلىق ھور ۋە غىلمانىڭ؟

تولۇق تەسۋىر قىلىشتا ئول لەئىنلەر زۇلمىنى بىر ـ بىر،
يېزىپ پۈتمەس ئەگەر ھەرقانچە بولسا ئىلمۇ ـ ئىرپانىڭ.

ئۇ بەتبەخلەرنى ئىنساپقا كېلۇر دەپ ئويلىما ھەرگىز،
كۈرەش قىلماق بۇ كۈندە بولدى ھەممە ئىشنىڭ ئەلاسى.

دىلىڭغا ئەسلا نۇقسان يەتمسۇن تۈرلۈك گۇمانلاردىن،
گۈلۈڭنى سولدۇرمسۇن ھەرگىز ئۇلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋاسى.

ئەگەر ئولسەڭ شېھىتسەن، ھايات قالساڭ ئېتىڭ غازى،
بۇدۇر ھەقنىڭ كالامى، نىم شېھىتنىڭ ساڭا ئىماسى.

1945 ـ يىل نويابىر، غۇلجا.

## ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاپ

كوزۇڭ ئاچ، دەۋرى غەپلەت ئوتتى، كۈرەش ئەمدى جانانىڭ،
دىمەك، كۈرەش بىلەن كەلدى يۈرەكتە دەرتكە دەرمانىڭ.

ئۇزۇن يىللار قارا زۇلمەت تۇمان ئاستىدا زارلاندىڭ،
ئېنىقكىم كويىقاپقا كەتكۇسدۇر ئەمدى شەيتانىڭ.

## ياشلاردىن ئىلتىماس

شانلىق ۋەتەن قارا كۆنىڭ يەرگە پاتتى،
پاك يېرىگە سائادەتنىڭ تېڭى ئاتتى.

ئىش يۈزىگە چىقتى بىزنىڭ ئويلىغانلار،
مەيۈسلىكتە قارا ئۆيدە كۆيلىگەنلەر.

كېرەك ئەمدى بۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىش،
لايىق ئەمەس بۇڭا تېخى مەغرۇرلىنىش.

ئالدىمىزدا تېخى ئۇلۇغ كۈرەشلەر بار،
قالغانلارنى قۇتقۇزماسلىق بىزلەرگە ئار.

ئەي ۋەتەننىڭ مىراسخورى ياش ئىنسانلار،
تەلمۈرمەكتە بىزگە ئەينە نۇرغۇن جانلار.

ئەزەلدىن ئاقىۋەت بۇ هارام تۇرمۇش ساڭا خاسمۇ؟
سائادەتمۇ جەھەننەم ئىتلىرىغا بەرگەن ئالۋانىڭ؟

بۇنىڭدىن بىر يىل ئاۋال "ئويغىنىڭلار!" دەپ سادا بولغان،
نىدىن هازىرغىچە غەپلەتتە بولدۇڭ، يوقمۇ ۋىجدانىڭ؟

دىلىڭدا قورقۇنۇشتىن باشقىمۇ خىسلەتلىرىڭ بارغۇ؟
تۇرۇپ بىر تەۋرىنىپ باققىن، قالمىسۇن كوڭلۇڭدە ئارمانىڭ!

پۇتۇن ئەل "هورىيەت!" دىسە، تېخى غەپلەتتە ئۇخلامسەن؟
ئۇلۇمدىن قورقما هەرگىز مۇكەممەل بولسا ئىمانىڭ.

تېخىچە "ئۇژمە پىش، ئاغزىمغا چۇش" دەپ ياتقىنىڭ ئۇيات،
قايان كەتتى ئۇزۇن يىللاردا يىققان هەمدە تاپقانىڭ.

كوتەر بېشىڭنى غەپلەتتىن، نەزەر سال هەممە ئەتراپقا!
كوڭۇلدە تىلىگەننى قىلغىن، ئەمدى كەلدى دەۋرانىڭ.

ۋەتەندىن ساڭا بۇيرۇق نىم شېھىتنىڭ قەلىمى بىرلا،
قوبۇل تۇتساڭ ساڭا رەخمەت قىلۇر هەر دەمدە ئىمانىڭ.

1945 ـ يىل دېكابىر، غۇلجا.

# ئىلىم ئۆگەن

ئىككى دۇنيادا سائادەت ئىزلىسەڭ ئۆگەن ئىلىم،
بۇ دۇنيادا تاپقانىڭنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن ئىلىم.

ئىلىمدا تەڭ بولمىغاندىن ھورمىتىگە باقمايىن —
يېڭىلىپ قالدى خىزىرنىڭ ئالدىدا مۇسا كىلىم.

دۇنيادا بىلىملىك بولماقنى ئەگەردە قىلساڭ تىلەك،
ئۆگىنىشنى تاشلىما ئاقاردى دەپ "چاچ - ساقىلىم".

گەر جەھەننەمدىن ھەزەر قىلماقچى بولساڭ بار ئۇقى!
مەرىپەتلىك بولغان ئادەمنىڭ بولۇر قەلبى سەلىم.

ئىلمۇ - ئىرپان باغچىسىدا يايرىغىن باغۋەن بولۇپ،
ئۇيۇلۇپ غەپلەتتە ئېيتما سەن: "قېتىپ قالدى تىلىم".

بىر مىنۇتلۇق پۇرسەتنىمۇ قىممەت بىلىڭ،
قورقۇنۇچنى ئۆزىڭىزگە هارام قىلىڭ!

چۈنكى، ۋەتەن سىزگە مىراس، ئىشلەڭ بۈگۈن،
ئىش يۈرمىسە، تەس بولىدۇ ئەتە ـ ئۆگۈن.

ئۆرنەك ئېلىڭ ئاتىلاردىن، بۈگۈن پۇرسەت،
پايدا بەرمەس ئەتە قىلغان قايغۇ ـ هەسرەت.

ئانىڭىزنىڭ بەرگەن سۈتى هالال بولسۇن،
هاياتلىقنىڭ غەزىنىسى جامغا تولسۇن.

خىزىر كەلسە، ئابى هايات "يوق!" دەپ تۇرماڭ!
شەيتان كەلسە، ئىسمى ئەئزەم ئىستەپ يۈرمەڭ.

دىمەك، دوستقا توھپىلەرمۇ بۈرۈن بولسۇن،
دۈشمەنگىمۇ ئەجەل ئوقى تەييار تۇرسۇن!

ياش ئەۋلاتلار قولىدادۇر ئىش ئاساسى،
قوبۇل قىلىڭ نىم شېھىتنىڭ ئىلتىماسى.

1946 ـ يىل فېۋرال، چوچەك.

يۇرەكتە ھەسرەت پىغان قايىنىغان،
تاماق ئورنىغا زەھەر چايىنىغان.

يىراق ئۇ، زالىم ئىنسانىيەتتىن،
يۇمۇلغان كوزى ھەققانىيەتتىن.

كىم"ھەقىقەت!" دەپ پىدا قىلسا جان،
ئاقتۇرغان ئۇنىڭ كوزلىرىدىن قان.

ئىشلەش يولىدا كەتسە دەرماندىن،
كويۇنۇپ ئىشلەپ كەچسىمۇ جاندىن.

بارى بىر تىيىن ئۇنىڭ ئالدىدا،
ھەممە خىزمىتى قالغان دالدىدا.

قانچە كويۇنۇپ ئىشلىسە كىشى،
پەقەت باھارغا ئوزگەرمەس قىشى.

قايغۇ-ئەلەمگە يۇرەكلەر تولغان
سىرتقا چىقالماي، كارناي بوغۇلغان.

قانچىلار تويۇپ تۇغۇلغىنىغا،

سەن بۇ دۇنيادا نادانلىقتىن ھىدايەت تاپمىساڭ،
"ئاخىرەتتە قۇتقۇزار" دەپ ئويلىما "تاپقان مىلىم".

بولما مەغرۇر ئالتى كۈنلۈك دۆلىتىڭگە ئىلىمسىز،
بىر كۈن ئايرىلساڭ بولۇر ھالىڭ سېنىڭ تۈزسىز شىلىم.

مەرتىپەتنىڭ تۇخۇمىدىن بولسا دىلىڭدا زەررىچە،
ھەر قەيەرگە بارساڭ ئىقبالغا چىقار بارلىق ئېلىم.

1946 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا.

## ھەپسىدە كەتكەن دوستۇم ل. مۇتەللىپكە

ئەي كاج پەلەك، نىمە ئىدى جاھان؟
قانلار يۇتۇشقان تۇمەنلىگەن جان.

قاراڭغۇ مۇدھىش، زىندان ئىچىدە،
يورۇقلۇق كورمەي كۈندۈز-كېچىدە.

جۇيجاڭ ۋە شۇڭگەن قويغان ئىشپيون،
ھەر بىر كىشىدە بولغان سەككىز ـ ئون.

كىرام، كاتىپىن يازسا ئېيتقاننى،
ئىشپيون يازغان دىلدا ياتقاننى.

ئاھ......ۋەتەندىشىم، ئاھ......قېرىندىشىم،
نەدە سەن بۈگۈن "قاينام ئۇركىشىم"؟

سەن ئەمەسمىدىڭ خەلق غەمخورى،
ھىكمەتلىك ئىدى سۆزۈڭنىڭ بېرى.

كوكلەشكە يېتىپ، زىمىستان بېغىڭ،
كەلگەن ۋەتەنگە راست ئىشلەش چېغىڭ.

بۈگۈن بۇ باغدا كورمەيمەن سېنى،
كۆرەش قويىنىدا كۆيلەيمەن سېنى.

سىغدۇرالمىدى سېنى بۇ جاھان،
ئاسرىيالمىدى ئۇ كاج، شۇم زامان.

تۇتقۇنغا بەردى سېنى قاي بەندە؟

ئەركىن ھوقۇقتىن بوغۇلغىنىغا.

دىسە قاي بىراۋ: خـۇدايا پانا......
يازار بويىـنىغا يوغان بىر گۇنا......

دەرت سىغدۇرالماي، ئۇرتەنسە جىـگەر،
سىغماي ئىچىگە ئاھ......دىسە ئەگەر.

دىلو ئىچىگە چـۇشەر بىر ۋاراق،
قىلار ئۇنىڭدىن ھەر تۇرلۇك سوراق.

يەتتە قات ئويدە، قاراڭغۇ تۇندە،
چوڭراقلا تىنسا يالغۇز بىر بەنـدە.

ئەتىسى شۇڭگەن سوراققا ئالغان،
بىچارە خەلقىم شۇ ھالغا قالغان.

ھەر بىر كىشىدە كىرام، كاتىبىن①،
ئىككىدىن ئارتۇق بولمايدۇ لېكـىن.

---

① كىرام ــ كىـرامەن، كاتىبىن ــ پەرىشتە ئىسمى، ئۇلار ئىكـكى مۇرىدە تۇرۇپ، ياخشى - يامانىنى يازارمىش.

نه بولسا-بولسۇن، ئاخىر چىقارسەن،
دۇشمەن بېشىنى گورگە تىقارسەن.

ئەگەر قېنىڭنى سوۋۇتسا زۇلۇم،
يوللىغان بولسا مۇبادا ئۇلۇم.

يەنە شۇندىسەن بەختسىز ئەمەس،
كۈرەش ئىرادەڭ ھەرگىز تەۋرىمەس.

تېخى ئۇ چاغدا ئىنتىقام غەزەپ،
ئۇتلۇق يۈرەكنى قوزغىتار بىزەپ.

زۇلۇم مەسلىگى ھەرقاچان خاراپ،
ھەممە ئەتراپنى ئالسىمۇ ئوراپ.

سەندەك كۈرەشچان قەھرىمانلاردىن،
قانچە مىڭىنى قىلسىمۇ قىرغىن.

كۈرەش روھىمىز ھەرگىز توختىماس،
قانلىق ئىنتىقام ھەرگىز ئۇخلىماس.

خەلققە، ۋەتەنگە ئاسى شەرمەندە.

ياش يازغۇچىلار بۇلبۇلى ئىدىڭ،
خەلق بېغىنىڭ بىر گۈلى ئىدىڭ.

ئەركىن ھاياتقا پۇرسەت كەلگەندە،
غەمكىن بۇلبۇللار سايراپ، كۈلگەندە.

كاشكى سەن ئەمدى بىللە بولساڭچۇ؟......
شېئىر بېغىدا سايراپ تۇرساڭچۇ؟......

ئەل ۋە يۇرتۇمغا ئەركىنلىك تىلەپ،
پۇرسەت كۈتەتتىڭ قەلىمىڭ بىلەپ.

قايتماس ئىرادەڭ ئەلگە تىلەكداش،
بەخت ئىزلەشتە يۇرتقا مەسلەكداش.

ئەي ۋەتەندىشىم، ياتمىغىن مەيۇس،
سېنى زىنداندا قويمايمىز مەھبۇس.

تىلەكداشلىرىڭ ئۇنتۇلماس سېنى،
تۇتقۇنغا چۈشتۇڭ قانداق نەس كۈنى؟

دۇنياغا تەڭ ئەيلىمەيمەن تاغلىرىڭنىڭ تېشىنى،
سېنى دەپ تاشقا قوشارمەن دۈشمىنىڭنىڭ بېشىنى،
سەن ئۈچۈن دەريا ئېقتسام شۇم رەقىپلەر يېشىنى،
مۇمكىن ئولغايمۇ كورۇشكە ئايغا ئوخشاش قېشىنى؟
قارا بەختىم ئاق بولاردى شۇندا راخمان ئالدىدا.

سەن ئىدىڭ دۇنيادا بىر ھوسنى گۈزەل نازۇك بەدەن،
ئىككىمىزدە باغلىنىش گوياكى ئەردى جانۇ ـ تەن،
ئاھ.....گۈزەل يار ئوينىغان قەشقەر، كوچار، ياركەن، خوتەن،
نىملەر بولدى ئىكىن ئىپلاس ئاياقتا پاك ۋەتەن؟
سەن ئۈچۈن كوزگە كورۈنمەس قانچە قۇربان ئالدىدا.

سۇلىرىڭ ئابى ھاياتتۇر ئەي گۈزەل يارىم سېنىڭ،
تۇتىيادۇر تۇپرىغىڭ، كوزۇمگە دىلدارىم سېنىڭ،
جانغا جاندۇر ئۇندا ئوسكەن بارچە غەمخارىم سېنىڭ،
ئايرىلىش تىلدى يۈرەكنى كوزى خۇمارىم سېنىڭ،
ئورتە نۇر كويۇگدا قەلبىم چەرخى كەيۋان① ئالدىدا.

ئاۋالدا سەن ئىدىڭ جەننەتكە ئوخشاش بىر ماكان،
ئەركە ئويناپ ئوسكەن ئەردىم قىسمىغان بۇ كەڭ جاھان.

---

① چەرخى كەيۋان ــ چاقتەك ئايلانغۇچى پەلەك.

تاكى ۋەتەنگە ئالمساق ئىرىك،
بېرىمىز قۇربان، قالمايمىز تىرىك.

ئاۋال ۋە ئاخىر ئۇشبۇدۇر تىلەك،
قايتماس ئىرادە ئانت بىرەر يۈرەك.

ۋەدىگە ۋاپا ئىم شېھىتقا خاس......
ۋەتەن ئىشقىنى جاندىن ئايرىماس.

1946 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا.

## ئالدىدا

ۋەسلىدىن ئۆزگە كېرەكمەس ماڭا جانان ئالدىدا.
ئارزۇيۇم سەن ئىرۇرسەن تەن بىلەن جان ئالدىدا.
بىر گۈلى رەنا ئىرۇرسەن باغۇ ـ بوستان ئالدىدا.
تا زىيارەت قىلمىسام مەن سېنى ئىمكان ئالدىدا،
يۈزلىرىم شەرمەندە بولسۇن تاڭلا سۇبھان ئالدىدا.

ساڭا تەسىر يەتكۈزەلمەس ئەردى ھىچ جادىلىرىڭ،
سەلتەنەتــىڭ شەۋكىتىڭ بولغاچقا ئىنسان ئالدىدا.

ماختىناردىم سەن كەبى بىر نازىنىنىڭ يارى دەپ،
يارىنىڭ كوكرىگى تەككەن سازىنىڭ بىر تارى دەپ،
ساڭا باغلانغان مۇھەببەت ھەممىدىن يۇقارى دەپ،
خاھ گۈلۈم، خاھ بۇلبۇلۇمغا قىش ۋە ياز باھارى دەپ،
كوكۈلۈڭ بويىن ئۇپەردىم لالە-رەيھان ئالدىدا.

دىلبىرىم، ئاھۇ كوزۇم، خۇرشىد يۇزۇم، شىرىن سوزۇم،
ھوسنى ئەپلاكىڭدا① تۇققان ئەردى تەلەي يۇلتۇزۇم،
لەۋلىرىڭدىن قىزغا نۇردى باغدا پىشقان تال ئۇزۇم،
قاشلىرىڭ مىھراپ قىلىپ سەجدە قىلاي تەنھا ئوزۇم،
چوڭ گۇناكار بولسىمۇ دىن بىرلەن ئىمان ئالدىدا.

ۋادەرىخا قايىسى كۇندۇر، شۇم رەقىپ باستى ئاياق،
سەن كەبى ھور نازىنىنلەر ئۇستىگە سالدى تاياق،
مەن قۇچاغىڭدا تۇرۇپ تارتتىم ئەجەپ دەردى پىراق،
نىمەتىڭ لەززەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدىم يىراق،
بىر تىلەمچىدەك قىسىلدىم كۇزدە خامان ئالدىدا.

---

① ئەپلاك — پەلەك، ئاسمان.

خۇش پۇراقلىق گۈل ـ چىچەك تالالاپ ئۈپەردى باغۋان،
ئابروي‌لۇك ساقلار ئەردىم مەن بولۇبان پاسۋان،
دۈشمىنىڭ كوز تىكمەس ئەردى شىر غىرران① ئالدىدا.

باغدا گۈل، شاخىدا بۇلبۇل، نىمتىڭ شۈكرىن ئوقۇر،
تاڭ سەھەر تورغايلىرىڭ تەسبىھ ئوقۇپ، قانات قاقۇر،
بەلكى قۇشلار بارچىسى مەدھىڭ بىلەن يەرنى چوقۇر،
چۈنكى، خەۋپسىز يەر، ھاۋا، تاغ، چول ۋە سۇ، دوڭ ھەم چوقۇر،
ئەركىلەپ ئوسكەن ئىدىم شاھزادىدەك خان ئالدىدا.

مەن ئۇ چاغدا سەندىن ئايرىلماقنى ئەسلا كۈتمىگەن،
ئېھتىيات قىلغىن رەقىپتىن دىسە، ھەرگىز پۈتمىگەن،
چۈنكى، ئىسسىق ـ سوغاق ئۇ كۈنلەردە بېشىمدىن ئوتمىگەن،
ئارغىماقىمنى ئەپەندى قەۋرىدە ئۇركۈتمىگەن،
باشقا قامچا تەگمىگەندى يولدا كارۋان ئالدىدا.

بال، شېكەردىن بەلكى شىرىندۇر كۈمۈش رەڭ سۇلىرىڭ،
تاغلىرىڭدا يايرىشىپ ئەركىن ئوسەر ئاھۇلىرىڭ،
چىنىقىپ ئەردى رەقىپكە قارشى قول ـ بازۇلىرىڭ②،

① شىر غىرران ــ قورامىغا يەتكەن شىر.
② بازۇ ــ بىلەك.

مەيلى مەھبۇپ بىشىدا قانلىق قىلىچلىڭ پاقىرات،
مەيلى ۋەھشىلىك بىلەن ئادەمچىلىك ئاڭىنى يوقات،
ئىنتىقام ئالغۇم سىنىڭدىن تا ــ جىنىم تەندە ھايات،
ھىچقاچان ئادەم يىڭىلمەس ۋەھشى ھايۋان ئالدىدا.

ئۆلگۈنۇم ياخشى نىگارىمدىن تىرىك ئايرىلغىچە،
ئۆچارمەن ساڭا بىقىپ تاكى قانات قايرىلغىچە،
كۆرىشىم قايتماس، رەقىپ جىنى تىنىدىن ئايرىلغىچە،
بولدى ئەمدى سەۋرى يوق، ياتتىم مانا بىر يىلغىچە،
ئۆرما ئۆرماق ئانچە تەس بولمايدۇ دىخان ئالدىدا.

تارت قولۇڭنى ۋەھشى دۈشمەن تىخى جىنىم تەندە بار،
ئىنشائاللا پات ـ يىقىندا سىنى قىلغۇم تارمار،
ئەي پەلىد① چاپسان يوقال گۈزەل يىرىمنى قىلما تار.
سەن قارا زۇلمەتنى يوقاتسام سائادەت تاڭ ئاتار،
كۈن نۇرىن كورسەتمىگەن سەن پەردە ئاسمان ئالدىدا.

كۆرىشىم ھىچ توختىماس تا قەترە قانىم قالغىچە،
تەسىرىڭنى يوق قىلۇرمەن قەلبىم ئارام ئالغىچە،
ئەزرائىل پۈتتى ئىشىڭ دەپ تاكى جانىم ئالغىچە،

---

① پەلىد ــ ئىپلاس.

يىغلىدىم شۇندىن بۇيان تۈن ـ كېچىلەر بىدار بولۇپ،
رەھىمسىز ئۇگەيگە قالغان قىز ـ يېتىمدەك خار بولۇپ،
ھەۋزى كەۋسەرنى① كىچىبان تامچە سۇغا زار بولۇپ،
تارلىشىپ كەتكەن جاھانغا سىغمايىن بىمار بولۇپ،
بوينى باغلانغان مۈشۈكتەك ساڭدا چاشقان ئالدىدا.

شۇنداق ئۆمرۈم ئۆتكەن ئەردى ئۆرتىنىپ ھەم كۈل بولۇپ،
ئات ـ ئىشەكلەر ئورنىدا دۈشمەنلىرىڭگە قۇل بولۇپ،
"ئاللا ئەمرى شۇمىكىن" دەپ، ساتسا بەلكى پۇل بولۇپ،
ئۆتكەن ئۆمرۈم ئەسلىسەم ياشىم توكۇلۇر كول بولۇپ،
موللىنىڭ ئىمانى بولدۇم خۇددى شەيتان ئالدىدا.

ئاقىۋەت قوغلاندى بولدۇم، بىر يولى تارتتىم پىراق،
شۇم رەقىپنىڭ تەلىيى ئۆك كەلدى مەن بولدۇم يىراق،
جانغا تويغان خۇددى بىر پەرۋانىمەن، سەنبىر چىراق،
كۈنمۇ ـ كۈن ئارتتى ساڭا كوكۇلدە بولغان ئىشتىياق،
تامچى سۇغا زارى بولدۇم بەھرى ئۇممان② ئالدىدا.

مەيلى مەن بارغۇنچە يىرتقۇچلۇق بىلەن خەلقىمنى ئات،

---

① ھەۋزى كەۋسەر — كەۋسەر كولى، شەرۋەت كولى.
② بەھرى ئۇممان — ئۇممان دەرياسى.

دەرتلى دىل ھىچ توختىماس، سىرلىق قەلەم قايناپ يازار،
مۇڭلى داددىمنى ئىشتىسە خىزرى تەسبىھتىن ئازار،
چۈنكى، ئۇل بەتبەخ رەقىپلەر نىم شىپھتكە گور قازار،
مەيلى ئۆلسەم سۆيگۈ يولدا تېنىم بولغاي مازار،
كۆرىشىم ئارتار تېخى قىز ۋە ئوغلان ئالدىدا.

1946 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

# جىنايەتتىن شىكايەت

ئۇزۇن مۇددەتلىك مەھكۇملۇقتا دىلدا دەرت ناھان بولدى.
خۇداغا شۈكرىكىم بۇگۈن بۇنى ئىپتار زامان بولدى،
كۆچار، شايار، بۇگۇر، باي ئەھلىدىن بۇ سىر بايان بولدى.
ئۇ شۇل بەتبەخ سىياسەت زەردىدىن دىللارغا قان تولدى.
قوشۇمچە ئەزگۈچى خەلقنى سىيت ئەخمەت چايان بولدى.

دەرىخا زۇلۇم ئىستىبدات سىياسەتتىن قىلۇر ـ دە دات،
سىيت ئەخمەت "غوجام"نىڭ دەستىدىن يۈز ھەسسە دات ـ
پەريات،

تەن سوۋۇپ، يۈرەك ـ تومۇر، قان ھەركەت توختالغىچە،
شۇندا ئەۋلادىم تۇرار دەۋاغا سۇلتان ئالدىدا.

مەن بارۇرمەن ئەي نىگارىم سەن ئۈمىتنى ئۈزمىگىن،
دۈشمىنىڭنى ئۇر پەقەت ئەركىنگىنە يۈرگۈزمىگىن،
ئالدىنىپ دۈشمەن بىلەن سەن ئەيش ـ ئىشرەت تۈزمىگىن،
شۇم رەقىپكە باغلىرىمنىڭ مىۋىسىن ئۈزگۈزمىگىن،
پات يېقىندا تېپىشارمىز گۈل ـ گۈلۈستان ئالدىدا.

ئەر ئەمەسمەن تاكى دۈشمەننىڭ قېنىن ئاققۇزمىسام،
دۇنيادا خائىنلىق ئېيىۋىنى كوكسىگە تاققۇزمىسام،
ئوت ـ زەھەرلىك نەشتىرىلە ئۇزىنى چاققۇزمىسام،
ئەللەي ئېتىپ، يەر بوشۇكتە ھەممىسىن ياتقۇزمىسام،
شۇندا "مەرت" نامىنى ئالغۇم شاھى مەردان ئالدىدا.

ئەي سەنەم ئەتراپقا باق، خەلقىڭمۇ ھەم تېچ ياتمىسۇن،
تاشلىۋەتتى، سۆيگۈدىن كەچتىمۇ دەپ، باش قاتمىسۇن،
جىم يېتىپ، ھەسرەت چېكىپ، قانلار يۇتۇپ، دەرت تارتمىسۇن،
ھىلىگەر ـ مەككار رەقىپكە ئابرويىن ساتمىسۇن،
ئەسلىسۇن خار بولغۇنۇمنى ئۇندا زىندان ئالدىدا.

بۇ بىر بارغاندا قىلغان زۇلۇمنى ئىنسان ۋە جىــن سەزدى،
ئۆزى بىر ئوت بولۇپ، ئىلكىدە تۇتقان قامچى قان بولدى.

بۇلاپ ئالدى خەلقنىڭ مۈلكىنى "نىسەنگە" ئالـدىم دەپ،
بالاڭ "زىۋازىغا" قوشۇلغىنىغا پالە سالدىم دەپ،
بىراۋنى "سېنى مەن ئۇشبۇ ئۇلۇمدىن ئايرىپ ئالدىم" دەپ،
"سېنىڭ يولۇڭدا ئىشلەپ چارچىدىم ۋە ياكى تالدىم" دەپ،
شۇنىڭدەك يول بىلەن بۇ ئىنقىلاپ ئاڭا هايان بولدى.

ئەجەلنىڭ شەربىتى قانلىق قىلىچتىن قايىنغان ـ تاشقان،
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن بىرقانچىلار جاننى ئېلىپ قاچقان،
ئۇلارنىڭ تۇۋقىنىدىن قانچىنىڭ ناهەق خۇنىن چاچقان،
بۇنىڭ ئۈستىگە سىيت ئەخمەت قازانىڭ دەپتىرىن ئاچقان،
هەمىشە قىلمىشدا ئەسلى ئىستىبدات سيان بولدى.

تېخى پەتىۋا چىقاردى جان قاچۇرغانلار هەققىدە،
هالال قىلـدى بۇلاپ ئالماقنى مىلى بولسا دەستىدە،
"مۇباھ"① قىلدى خوتۇننى ئەجنەبىگە بولسا ئەقدىدە،
شۇنىڭدىن بولدى ئېپپەت ـ نومۇسىمز ئاياق ئاستىدا،
بۇنىڭ قەلبىدە ئىمان بارلىغىغا خەلقتە گۇمان بولـدى.

---

① مۇباھ ــ دۇرۇس.

قاچانكىم شىڭ شىسەي قاسساپ دۇكانغا چىقتى ئۇل بىدات،
"پوكانچىڭ مەن بولاي" دەپ چىقتى سىيىت ئەخمەت دىگەن جاللات.
بۇنىڭ زالىملىغى ئەل ئىچىدە ئاشكارا ـ ئايان بولدى.

بۇنىڭ قىلغان جىنايەتىن ئاز ـ ماز ئەيلىسەك تەسۋىر،
ئوقىغان ئىلمىنى جايىدا ئىشلەتمەي قىلۇر تەھقىر،
بۇرۇندىن پۇلغا زورلاپ، بەگ ۋە شەنجاڭنى قىلىپ تەسخىر[1]،
ئورۇنسىز قازى بولدى پارىخورلۇقنى قىلىپ تەقدىر،
يىپتىشتى شىڭ شىسەيگە ئىككى تىللىق بىر يىلان بولدى.

خالايىقنىڭ شەرىئەت ئىشلىرىن ناھەق زۇلۇم ئەيلەپ،
غېرىپ بىچارىلەرنىڭ تاپقىنىغا ھەم ھۇجۇم ئەيلەپ،
قارانى ئاق قىلىپ، ئاققا قارا بىلەن ھوكۇم ئەيلەپ،
ھەمىشە پارىخورلۇق بىلەن نەپسىنى تولۇم ئەيلەپ،
بۇ بىر يەپ تويمىغۇر چۇللۇكتىكى ۋەھشى قاۋان بولدى.

خۇسۇسەن بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپتا خەلقنى بەك ئەزدى،
خالايىقمۇ "غوجام"دىن بىناھايەت تويدى ھەم بەزدى،
كۇچار، شايار بىلەن باينى ئارىلاپ بىر قېتىم كەزدى،

---

① تەسخىر ــ قولغا كىرگۈزمەك.

ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە بىرنەچچە خائىنلار قىتىلغاندۇر،
بۇ سوزنىڭ راستلىغىغا نەچچە ھوججەتلەر تىپىلغاندۇر،
بۇنىڭ كەيىندە داۋۇت موللىدەك بىرنەچچە نادان بولدى.

خۇدادىن ئەسلى قورقمايدۇ، تىخى خەلقتىن ئۇيالمايدۇ،
ھەقىقەتچى كىشلەرگە لەھەد① كولايدۇ، ياتمايدۇ،
ئوغۇلنى ئاتىغا، خوتۇننى ئىرىگە يولاتمايدۇ،
شاياتىن قازىسىدەك ھىچقاچان ھەقنى ياراتمايدۇ،
بۇنىڭ "شەپقەتلىك" قولىدا قانچىلەر گورگە راۋان بولدى.

ھاياتتىن ھەققى يوق كەتسۇن، بۇ دۇنيادىن تۇمۇغ② جايى،
مىنىڭ ھوكمۇم ئەمەس، بەلكىم زامان ۋەزىيىتىنىڭ رايى،
نىجاسەت قىلمىسۇن دۇنيانى بەتبەخ خوجىنىڭ پايى،
ئوتۇپ ئون بەش قاراڭغۇ، ھازىر ئايدىڭلاشتى خەلق ئايى،
دىمەك، نوبەت خەلقلەر بەختىگە كەلدى، ئامان بولدى.

يىگىت بولساڭ تۇر ئورنىڭدىن! تەلەپ قىل ئىنتىقامىڭنى،
زەبۇنلۇق يەتمىسۇن باغلا ۋەتەنگە ئىتىقادىڭنى،
تەرەققى ئەيلىگىن سەن ھەمدە مىللەت ئىتىۋارىڭنى،

---

① لەھەد — گور.

② تۇمۇغ — كونا ئۇيغۇر تىلىدا دوزاق.

زۇلۇمغا ياندىشىپ ھازىردا ھەربىي مەسلىھەتچى ئۇ،
زۇلۇم ئەرباپلىرى ئۆيىقۇدا ياتقاندا گۈزەتچى ئۇ،
قان ئىچكۈچ خۇددى بىر قۇشخانىدا بولغان "تۇلەكچى" ئۇ،
خالايىقلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋە گوشىنى يىمەكچى ئۇ،
خۇدايا، قورقۇنۇچتىن گوش سىزىپ تەن ئۇستىخان بولدى.

"غوجام رەھبەرلىگىدە" خەلققە زۇلۇم ئەيلەپ قىرى ـ ياشتىن،
سىپىل سوقماق بولۇپ ئەردى كۇچار، بايغا يىگۈۋاشتىن،
ئەجەپ قاتتىق ئىكەن كوڭلى ئۇتۇپ كەتكەن قارا تاشتىن،
ئىتەكلەر قۇرىمايتتى كوزدىن ئاققان قان بىلەن ياشتىن،
غۇرۇر ئۇسكەن دىخان بالىلىرى مۇھتاجى نان بولدى.

بۇ زۇلمەت مەسلىھەتنى باشلىغاندا كەتتى بۇ ئىللەت،
دىمەك، توختام بويىچە باپ ـ باراۋەر بولدى ھەر مىللەت،
ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇق، بىشمىزدىن كەتتى بۇ زىللەت①،
"غوجام" ھەسرەت چىكىپ باغلاپ بىرەلمەي قالدى بىمىننەت،
ئاقارماس ئابىي زەمزەم بىرلەن يۈز يىللىق قازان بولدى.

بىتىمگە رازى ئەمەس، چۈنكى، دۈشمەنگە سىتىلغاندۇر،
جىنايەت ساھەسىدە ياردەمچىمەن، دەپ ئىپىتىلغاندۇر،

---

① زىللەت — خورلۇق.

ۋەتەنپەرۋەر ياشلار باش قوشۇشقان،
ئازاتلىقنىڭ نۇقتىسىغا چىڭ ئۇيۇشقان.

راست تىرىشىپ ئىشلىگەندە بەش ـ ئالتە ئاي،
ئاۋاز قوشتى بۇ قۇرۇمغا كۆچار ھەم باي.

قەسەم ئىچكەن "ئازاتلىق!......" دەپ بىر ئېغىزدىن،
چىقىپ قالدى ۋەتەن ساتقۇچ ئارىمىزدىن.

يۇرتقا قاتتىق جىنايەتچى ئىككى يۈزلۈك،
سۇقۇر كوزلۇك، ئىككى تىللىق، ئىككى سوزلۇك.

شۇنداقلارنىڭ قىلمىشىدا قانچە ياشلار،
قۇربان بولدى ۋەتەن ئۈچۈن قېرىنداشلار.

مۇستەبىتلەر زىندانىغا بولدى تۇتقۇن،
ئوتلۇق دىلدىن قاچان كېتەر نامىڭ "لوتۇن".

جىسمىڭ كەتتى قېرىنداشلار، روھىڭ ھايات،
مەرھەمەتسىز ئاسارەتتە بولدۇڭ مامات.

دۇنيا ھايات، ئېلىڭ ھايات، نامىڭ ئۆچمەس،

سېتىپ قويما! سىيىت ئەخمەتكە ئوخشاش ئىختىيارىڭنى،
قۇرۇتساڭ سەن ۋەتەن ساتـقۇچنى يۇرتۇمغا ئامان بولـدى.

1946 ـ يىل دېكابىر، غۇلجا.

## ۋەتەن قۇربانلىرى خاتىرىسىگە

قېرىندىشىم، ۋەتەندىشىم، تىلەكدىشىم،
ئېغىر قايغۇ ـ غەمگە پاتتى مۇڭلۇق بېشىم.

مەرھۇم ئىنىم ل. مۇتەللىپ تۇتقان يولى،
قېرىندىشىم، جىگەردىشىم قادىر ئىلى.

داۋۇتوۋ ھەم بىلال ئەزىز بىر مەسلەكداش،
ئارمان بىلەن كەتتى ئوتتۇز يەتتە يولداش،

"ئازاتلىق" دەپ ئاقسۇدا بىر قۇرۇم تۈزگەن،
ھاياتلىقنىڭ تومۇرىغا قان يۈرگۈزگەن.

تاكى يۇرتتا ئازاتلىق تاڭ ئاتمىغۇنچە،
دۈشمەن بېشىن تاشقا ئۇرۇپ چاقمىغۇنچە.

تۇرگەن يەڭنى چۈشۈرمەيدۈ ھېچبىر ئېلىم،
توختىماستىن نەپرەت يوللار قەلىمىم، تىلىم.

1946 ـ يىل دېكابىر، غۇلجا.

## دوستلۇرۇمغا①

### I

يۈرەكنىڭ تەپكىنىدىن تىنجىماس ئەسلا دىلۇ ـ جانىم،
سوراقلار ھەر نەپەس ھىجران ئازاۋىدىن دىلئارامىم،
كورۇنمەس يول يىراغىدىن نە ئىشلار بولدى گۈلباغىم،
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن ئوت ئىچرە قالغان ئىدى سايرامىم.

① بۇ شېئىر شۇ ۋاقىتتىكى قەلەم ئىگىلىرىگە قارىتىلغان دوستلۇق چاقىرىغى بولۇپ، شېئىرنىڭ 2 ـ قىسمىدىكى مىسرالار ئىچىدە قوش تىرناققا ئېلىنغان سوزلەر، شۇ يىللاردا ئۆتكەن شائىرلارنىڭ تەخەللۇسى.

ئىنتىقامدىن ئۆتلۈق يۈرەك ھەرگىز كەچمەس.

بىزمۇ پىدا، قۇللۇقتا جىم ياشىمايمىز،
كۈرەش قىلىش ئەھدىمىزنى تاشلىمايمىز.

خاتىرەڭلەر جەمى بولسۇن قېرىنداشلار،
قايغۇرماقتا سىزلەر ئۈچۈن قېرى ـ ياشلار.

ۋەتەن ئۈچۈن، سىزلەر ئۈچۈن پىدا بۇ جان،
خورلۇق بىلەن ئۆتتى ئۇمۇر يۈرەكلەر قان.

ئەي پىداكار قىلمىساڭمۇ قورالىق جەڭ،
يېرىڭ بولسۇن شېھىتلەرنىڭ جايىغا تەڭ.

كۈرەش بىلەن روھىڭلارنى شاد قىلارمىز،
ھەر كۈرەشتە نامىڭلارنى ياد قىلارمىز.

بىزگە كېرەك يېرىمىزنىڭ ئاۋاتلىغى،
بىزگە كېرەك خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىغى.

ۋەتەن بىلەن خەلقىمىزنىڭ شەرەپ ـ شانى،
ئارمان يوقتۇر ئۇشبۇ يولدا چىقسا جانى.

رەقىپ تارىخىن كورسەك، ئەزەلدىنلا ئىدى قانخور،
خاراپلاشتى ئۇ مەلئۇنلار قولىدا باغۇ-بوستانىم.

مۇھاجىر بولمىغىم قۇللۇققا قارشىلىق "گۇناھىم" بار،
ئەگەر سەن تەۋرىسەڭ يارۇ-يولەككە ئۇتلۇق "ئاھىم......"بار،
سوزۇم چىندۇر، بۇڭا ئۇتمۇشتە تارىخى گۇۋاھىم بار،
ئۇخلىغانلارنى ئويغاتماققا يوللاندى بۇ ئىلھامىم.

قىزىلگۇلدەك چىرايىڭ نە ئۇچۇن سىرىق باھار چاغدا،
ئۇزەڭ ھەر يەردە سەرگەردان. رەقىبىڭ دائىما باغدا،
پەلەكنىڭ ئۇشبۇ تەڭسىزلىگىدىن ھەممىلەر ئىرۇر داغدا،
بولۇرمۇ ئىشقا ئاشقان كۇن مېنىڭ قەغەزگە يازغانىم.

يېرىمنىڭ تارىخىغا كىرىتكۇم مەن ھەققى بىر تۇس،
پەلەكمۇ قىلمىشىغا توۋا بىلەن ئەيلىگەي ئەپسۇس،
شۇنىڭچۇن، ئەي سابا① ئېيتقىن، ئېلىمگە بولمىسۇن مەيۇس.
كاپارەت② ئەيلىگەي ئۇتمۇشتىكى شۇم كۇنگە دەۋرانىم.

II

قارا زۇلمەتنى يەڭمەككە مېنىڭ كەڭرى پىلانىم بار،
مۇشەققەت ئورنىغا راھەت كېلۇر دەپ، چىن ئىمانىم بار،

① سابا — سۇبھى شامىلى، سەھەر شامىلى.
② كاپارەت — بىرەر ئىش بەدىلىگە بېرىلگەن سەدىقە.

مېنىڭ ھالىمنى سورىساڭ، لەيلىنىڭ ۋەسلىدىكى مەجنۇن،
يەنە ئەركىن مەئىشەت ئىچرە مېھمان بۇندىمەن ھەر كۈن،
لېكىن، ئويلاپ سېنى ھەر دەم، يۈرەكلەر لەختە ـ لەختە خۇن،
قاچان بولغاي مۇيەسسەر ماڭا باغ ئىچىدە رەيھانىم.

ماڭا راھەت كېرەك ئەمەس، سېنى ئۇندىن خالاس ئەتمەي،
غېرىپلىقتا سەنەمنىڭ بېغىغا مەن بېرىپ يەتمەي،
ئۇراپ ئالغان قارا پەردىنى تاكى يىرتمەيىن ئۇتمەي،
دىمەك، ئازاتلىغىڭغا مۇنتەزىردۇر سۈبھى بىلەن شامىم.

سېنىڭ تۇتقۇنلۇغىڭنى ئويلىسام، تۈرلۈك ھىكايەت بار،
رەقىپ ئالدىشدا قېرىنداشتىن بولغان شكايەت بار،
يەنە ئۆز بەختىگە قەست ئەيلىگەن تۈرلۈك خىيانەت بار،
بۇ سىرلىق پەردىنى يىرتماي تاپماس سەرئەنجامىم.

سەۋەپ بىرلەن تەلەپ قىلساڭ، تىلەكلەر بولغۇسى تەستىق،
كوڭۇلنى ھەم ئىشىڭنى ھورىيەتكە ئەيلىگىن تەتبىق،
ئۇمىتلەر، ئاززۇلار دەل شۇ چاغدا كەلگۇسى تەھقىق،
يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ساڭا بۇ ئەمرى ـ پەرمانىم.

يولەنچۈك ھەم تايانچۇقنى ئۆزەڭنىڭ ھىممىتىدىن سور!
يۈزۈڭگە پەردە تارتما، كۈنگە قارشى بولمىغىن شەپكور[1]،

[1] شەپكور ــ نامازشام قارغۇسى.

ئىشلىڭ تەسۋىرلىسۇن كوڭلۇگدە سىرىڭنى ئىچىپ ھەر ئان،
سەھەرلەردە تۇرۇپ سايرار، سائادەتتۇر بۇ "بىدار"ىم.

بۇ كەڭ دۇنيانى سەيرى ئەيلەپ، ئېلىم ھالىنى تاماشا قىل!
رەقىپلەر بار يەرگە نىسبەتتە مىنۇت چاغىڭنى پادىشا بىل!
ئەگەر دۇشمەن ئارا بارساڭ، گويا "چاقماق" بولۇپ چاقىل!
دىگىن ئازات بۇ كۇنلەرنى، يېنىمدا ھور-غىلمانىم.

كوڭۇل بېغى سۇ ئىچكەي ئەردى ئولكۇن شادۇ "پەرھەت"تىن،
رەقىپلەر قان قۇسۇپ ئولگەي، چىدالماي بۇ مۇھەببەتتىن،
سادا قىلماس شۇ چاغ مەيداندا ئەلنىڭ "دوستى" پۇرقەتتىن،
جاراڭلاپ تىرىككە تەسىر ئېتەر شۇندا مېنىڭ سازىم.

ھاياتنىڭ "بىخى" ھەم قىلسا بېغىم ئىچرە سەمەر پەيدا،
قىزىلگۇلدەك نىھالىڭغا جاھان "بۇلبۇل"لىرى شەيدا،
ئەگەر "جۇرئەت" قىلار بولسا، قىلۇر دۇشمەننى ناپەيدا،
كوكەرگەي ئابۇ-رەخمەتتىن مېنىڭ ئازات چاراگاھىم.

رەقىپ ئەمدى ئېلىمگە دىلنى ئارتۇق باغلىيالمايدۇ،
يورۇق دۇنيانى كورگەننى جادىلەر ئالدىيالمايدۇ،
ئوزى مۇھتاج كىشلەرنىڭ ھاجىتىنى قامدىيالمايدۇ،
ئامان تاپماس ئاڭا قارشى ئەگەر قوزغالسا "قەھھار"ىم.

سائادەت ئاسمىنىدا يورۇق يۇلتۇز ھىلالىم[1] بار،
شۇنىڭچۈن نۇر بىلەن تولغان مېنىڭ ھەممە شىبىستانىم[2].

پەلەككە ياڭرىغان خەلقنىڭ زۇلۇمدىن چەككەن ئاۋازى،
ئاسارەتتە ياشاشقا بولدى ھەممە يەردە نارازى،
زۇلۇم ئاستىدا ئۇخشاشتۇر ئېلىمنىڭ قىش بىلەن يازى،
قاچان ئۆز ئورنىغا چۈشكەي مېنىڭ خاتىر پەرىشانىم.

رەقىپلەر كەيىپ ئۈچۈن، مېھنەت ھالالىمنى بۇزار ئەردى،
مىنىپ ئات ئورنىدا گەردەنگە ئىشرەتلەر تۈزەر ئەردى،
يېشىم دەرياسىدا شۇڭغۇلاشقا ئوردەكلەر ئۈزەر ئەردى،
بۇلۇت يەڭلىغ تۇمان بولغان يۈرەكتىن ئورلىگەن ئاھىم.

ھارام تۇرمۇشقا كونمەس ئالى روھلۇق "قىسمىتى"مىز بار،
قەلەمگە يار بەرمەككە تېخى يانىمدا "بەختىم يار"،
قارا قىشنى يېڭىپ چىققان غازاڭ بولماس "باھار"ىم بار،
"قىزىق" سايرايدۇ "كاككۇك" كەبى يارۇ ـ ھەمكارىم.

دېڭىزنىڭ مۇزلىشى ئادەت، "قىزىق" سوۋۇغانغا مەن ھەيران،
ئەگەر سەن قايىنىساڭ، دۈشمەنلىرىڭ تەھقىق بولۇر ۋەيران،

① ھىلال ـ يېڭى چىققان ئاي.
② شىبىستان ـ قاراڭغۇ كېچە.

دىلىمدا مەقسىدىمنى قويما، ياز! چىقماستا جان تەندىن،
دىمەستە باش كوتەرگىن، ئويقۇدىن تەڭ يولدا قالغانىم.

1947 ـ يىل يانۋار، غۇلجا.

## «ئويغان»![1]

ئويغاندى "ئويغان"، بىرلىككە قورغان،
ئالى تىلەككە يولباشچى بولغان.

ئوتمۇشتە مەيۇس خەلقىمنى ئالداپ،
ئۇخلاتقان ئىدى ئىبلىس ۋە شەيتان.

خەلقىم زۇلۇمدىن جاندىن ئۇمىتسىز،
دەرتلىك يۈرەكلەر زەرداپقا تولغان.

---

① «ئويغان» ـــ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئويغانغان ۋەتەنپەرۋەرلەر تەرىپىدىن ئۇرۇمچىدە چىقىرىلغان گېزىت، كېيىن ئىلىغا كوچۇپ كەتكەن.

ئەگەر ھەرقانچە "ز. ق" بولسا، ئېرىيدۇ بىر ناۋا قىلسام،
ساقايتۇرمەن ئەگەر ھەرقانچە "دەرتمەن"گە داۋا قىلسام،
قالۇر ھەيران مۇھەببەت بەزمىسى ئىچرە مەن ساما قىلسام،
غەزەلخانمەن مۇھەببەت ئەھلىدىن بولسا خېرىدارىم.

قانائەت قىلغىچە تەگرىم نىسىپ ئەتكەي ھايات روزى،
تېخى "سەزگۈر" تۇرۇپ تەسۋىرلەر، تىنماي كېچە-كۈندۈزى،
يورۇتماي تارىخنى توختىماس يىغلاپ قارا كوزى،
سەمەندەردەك① بولۇپ ئوت ئىچرە قالدى ئۇندا جانانىم.

بۇ ئەركىن تۇرمۇشنى توھپە قىل خەلقىڭغە ھەر سائەت،
ئۇمىتسىزلىكنى خەلقىمدىن يىراق قىل، بولما بىتاقەت،
سېنىڭ ھورمىتىڭگە ھىچقاچان يەتمىگەي ئاپەت،
كوكەرسۇن ئابۇ-رەخمەت بىرلەن ئازات گۈلۈستانىم.

غۇرۇرلۇق ئۇيقۇسىدىن تۇرمىساڭ بۇندىن كېيىن دوستلار،
دىيىلمەسمۇ، سېنى ئوز يولىدا چارچىغان سۇسلار،
خەلققە تۇيغۇ بەر دائىم، سىقىلسۇن بولسا جاسۇسلار،
ساڭا دائىم كۆلۈپ باقسۇن مېنىڭ بۇ يېڭى دەۋرانىم.

قانائەت ئەيلىمەيدۇ نىم شېھىت دوستلىرىم سەندىن،
ئېلىمنى ھورىيەتكە باشلىغىن، ھىچ قورقما دۇشمەندىن،

① سەمەندەر — ۋۇلقانلاردا بولىدىغان ئوت چاچقۇنى.

توسۇن كىلىندەك يوتقانىغا بارماي،
"ئۇيغان"بويىچە كەڭلىككە ماڭغان.

تۇنى ياقلىماس، مەڭگۇ ئۇخلىماس،
بىلسەڭ خەلق ئۇچۇن، بۇ روھىي ۋىجدان.

غەپلەتتە قالغان خەلقىمنى "تۇر!" دەپ،
ئىسراپىل كەبى سۇرىنى تارتقان.

ئەلنى ئۇيغىتىش، دىلنى يورۇتۇش،
زۇلمەتكە قارشى نىشانى بولغان.

يەر، كوك ھەم دېڭىز كۇنلۇك يولىدۇر،
كورگەن خەلقىنىڭ مېھمانى "ئۇيغان".

ئۇتكۇر كوزىدە باقسا جاھانغا،
پەردە بولالماس "ئالتاي"، "تىيانشان"①.

ياقلايدۇ خەلقنى، سوزلەيدۇ ھەقنى،
تېچلىق بىتىمنى ئىشقا ئاشۇرغان.

---

① «ئالتاي»، «تىيانشان» (خانتەڭرى) — ئولكىلىك گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ خىراجىتى بىلەن شەخسلەر ئىگىدارلىقىدا ئۇرۇمچىدە نەشر قىلىنغان گېزىت-ژورناللار.

زارىنى ئىشتمەس، ھېچ رەھمى ئەتمەس،
زۇلۇمنى كېمىتمەس شۇ ئەسكى دەۋران.

ئاھۇ-پىغانلار تۇرمۇش كۈيىدۇر،
خەلق بىر قەپەزدە تورغايچە بولغان.

يۈز مىڭلىغان خەلق، ئىستەك-سوراق يوق،
زالىم پەلەكنىڭ قۇربانى بولغان.

شۇنداقتىمۇ خەلق ياتماي ئۈمىتسىز،
ئەركىنلىك ئىستەپ مەيداندا تۇرغان.

ئاخىر بۇ مەقسەت ئاشقاندا ئىشقا،
خەلقنىڭ يېرىمى تەڭ يولدا قالغان.

"تاڭ ئاتتى، تۇر!......"دەپ تەۋرەتتى خەلقنى،
غەپلەت ئۇيقۇدىن بۇ چاغدا "ئويغان".

كۈندۈزگە قارشى كور شەپەرەڭلەر،
ئاپتاپتىن قېچىپ، ئىنغۋا قوپارغان.

ئىنغۋا كۆچىيىپ، ھەددىدىن ئېشىپ،
"ئويغان"نى قايتا يوتقانغا تارتقان.

ماڭا سەندىن ئۇلۇغ نېمەت كېرەك ئەمەس،
سېنىڭ ئۈچۈن ئازاتلىغىڭ كۇپايە، بەس!

ھاياتىم ھەم ماماتىممۇ سېنىڭ بىلەن،
سائادىتىم، شاقاۋىتىم① سېنىڭ بىلەن.

كەڭ قوينۇڭدا تۇغۇلغان ۋە شۇندا ئۇسكەن،
چىن ئىنسانلىق مەيدانىغا شۇندا چۈشكەن.

شۇنىڭچۈن، بوشاتمايمەن قۇدرىتىڭنى،
جان ـ تەن بىلەن ساقلايمەن ھۆرمىتىڭنى.

شۇ مەقسەتنى ئورۇندايمەن، دەپ نىم شېھىت،
ئارمان يوقتۇر بولسام ئەگەر پۈتۈن شېھىت.

1947 ـ يىل مارت، غۇلجا.

① شاقاۋەت ــ بەختسىزلىك.

شۇڭلاشقا مەڭگۈ كۆلگەي ھاياتىڭ،
بولسۇن رەقىبىڭ تېز خانىۋەيران.

سەندىن نىم شىپىت كۈتكەن ئۈمىت شۇ،
پارلاق كەلگۈسىڭ بولسۇن پاراۋان.

1947 ـ يىل فېۋرال، غۇلجا.

## ۋەتەن مۇھەببىتى

سەندىن ئارتۇق سۆيگۈنۈم يوق بۈيۈك ۋەتەن،
ساڭا پىدا، ساڭا قۇربان جان بىلەن تەن.

سېنى كۈتۈش، سېنى ساقلاش ماڭا بۇ ـــ پەرز،
ۋەتەن سۆيۈش ۋەتەن ئوغلىغا ئەزەلدىن قەرز.

بارلىغىممۇ سېنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان،
تىلەك، مەقسەت ـــ بەختىڭ ئۈچۈن قارىتىلغان.

نە ئۈچۈن بىز ياتالمايمىز قەۋرىدە جىم؟
خەلقىمىزنى ئالدىمىسۇن "شەيتان رەجىم"،
يۈرگۈزۈلسۇن قىينى تېزراق "ئون بىر بىتىم"،
بولمىسۇن خەلق يەر ئۈستىدە قۇلنىڭ قۇلى.

غاپىل تۇرما! قەھرىمانلار ھېچ تىگىرقىمسپ،
كوزۇڭنى ئاچ، ئەتراپلارغا تېز-تېز بېقىپ،
تۇر! بۇلبۇلۇم پەرۋاز ئەيلە، قانات قېقىپ،
پۇرسەت ساڭا ھاياتلىقنىڭ ئەركىن يولى.

خەۋەردار بول يوللاردا كوپ قۇرۇلغان دام،
نومۇسسىزلار "چوچۇرىنى سانايدۇ خام"،
كۇرەشچان ئەل ھۇشيارلىقتا قىلسا داۋام،
ئازدۇرالماس ئۈچ بېشى بار ئىلان يولى.

ئەركىن ھوقۇق ئالمىغۇنچە ئالما ئارام،
ھاياتلىقتا ھەر كىشىگە قۇللۇق ھارام!......
يۇرتىمىزنى قىلمىغۇنچە خوشال-خورام،
توختىمايدۇ يۇرەكلەرنىڭ ئاققان سېلى.

كىملەر ئۈچۈن جان بەردۇق بىز، ئۇنتۇلمىسۇن؟
قەۋرىمىزگە شاقاۋەتلىك كىر قونمىسۇن!

# قەۋرىدىن ئاۋاز

سالام سىزگە ئەي يۇرتۇمنىڭ ئازات ئېلى،
سالام سىزگە باغلىرىمنىڭ قىزىلگۈلى،
بويۇن قىسماي سايرا باغنىڭ خۇش بۇلبۇلى،
ئېچىلغاندۇر ئەركىن سايراش ھايات يولى.

بىز ئويلىغان: كوكنى دىلبەر جاراڭلىتار،
بۇلبۇل سايراپ تاغۇ-دەشتنى ھەم ياڭرىتار،
ئەتراپلارغا مۇڭلۇق مۇقام، ساز ئاڭلىتار،
نە بولغاندۇر، بوغۇلغاندەك سوزلەر تىلى؟

مۇڭلۇق بۇلبۇل گۈلگە تېخى يەتمىگەندەك،
شۇم قۇشلارمۇ گۈل يېنىدىن كەتمىگەندەك،
باغۋەنىمگە ئەركىن ھوقۇق ئۇتمىگەندەك،
ئەركىن بولسۇن ھەر تەرەپكە سوزغان قولى.

دۇشمەن يەنە بەختىمىزنى زەبۇن قىلسا،
خەلقىمىزنى بۇرۇنقىدەك يەنچىپ، قىرسا،
ۋەتەن، خەلق دىگەنلەرنىڭ باغرىن تىلسا،
رازى ئەمەس بىز سىلەردىن شىنجياڭ ئېلى.

كاشكى ئەمدى بىز تىرىلىپ، قايتا تۇرساق،
سىزلەر بىلەن كۆرەشلەردە بىرگە بولساق،
بۇنداق يەنە قانچە قېتىم قۇربان بولساق،
بىزنىڭ تىلەك نەق شۇ ئىدى، بولماس ھېلى.

كۆرەش قىلىڭ، قايتماڭ ھەرگىز يولىڭىزدىن!
جان ئايىماڭ، زەپەر كەتمەس قولىڭىزدىن!
قەس قىلسىمۇ دۇشمەن ئوڭ ھەم، سولىڭىزدىن،
قورقماڭ، كەتمەس يېڭىڭىزدىن بەخت دۆلدۆلى.

قوشۇلدۇق بىز مەھبۇسلارنىڭ ئەرۋاھىغا،
ۋاقىپ بولدۇق سولانغانىنىڭ "گۇناھىغا"،
ھەسرەت بىلەن كەتتى ھەقنىڭ پاناھىغا،
"ۋەتەن" ئىكەن ئۆلارنىڭمۇ تۇتقان يولى.

يەنە كەلدى ئارقىمىزدىن نۇرغۇن مەھبۇس،

خىزمىتىمىز نام-نىشانسىز يوق بولمىسۇن،
خاتىرلەنسۇن بىز شېھىتنىڭ ئۇڭ ھەم سولى.

ئازاتلىق! دەپ، مەيدان ئارا جەۋلان قىلغان،
ۋەتەننى دەپ، خەلقنى دەپ، قۇربان بولغان،
ئاخىر قۇلاق، كوز، بۇرۇنغا تۇپراق تولغان،
بىز شېھىتنىڭ بۇگۇن يەنە سوزلەر تىلى.

ۋەتەننى دەپ ئاققان قانلار بوش كەتمىسۇن،
مىليونلىغان بوزەك ئەلنى قاخشاتمىسۇن،
خەلقىم يەنە ھەر تەرەپلەپ دەرت تارتمىسۇن،
زۇلۇم بىلەن دۇمچەيمىسۇن ئەلنىڭ بېلى.

ئازاتلىق! دەپ، بىز شېھىتلىك نامىن ئالغان،
ۋەتەن، خەلق ئۇچۇن قانغا ھەم بويالغان،
ئەجەل يېتىپ يەر ئاستىدا ئورۇن ئالغان،
رازى بۇڭا ۋەتەن، خەلق، ئەلنىڭ يولى.

لېكىن، بىزنىڭ ئالى تىلەك قېنى بۇگۇن؟
دېمەكچىمىز: ئەلنىڭ دىلى بولسۇن پۇتۇن،
ئۇنتۇلمىسۇن قان يىغلىغان كۇندۇز ۋە تۇن،
يالغۇز بىزگە بەخش ئەمەس ئۇلان يىلى.

# خاتا

مەست ـ مۇستە غەرق بولۇپ غەپلەتتە ياتماقلىق خاتا،
يەنى غاپىللىق بىلەن ئۇيقۇغا پاتماقلىق خاتا.

يىمەك ـ ئىچمەك ھەممىنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن توپلىۋېلىپ،
بىرگە توققۇز نەرق قويۇپ، پايدىغا ساتماقلىق خاتا.

ئاممىنىڭ ئىمانىغا قەست ئەيلىسە شەيتان لەئىن،
ئاسراپ ئۆز ئىمانىنى، كۆپتىن كۈز ئالماقلىق خاتا.

مەرتسەن، ئەل بىرلەن ئۆل، بىللە تىرىل ھەم بىللە كۈل،
بىللە يىغلا، ئەلنى تاشلاپ چەتتە ياتماقلىق خاتا.

جان بىلەن تەڭ قولغا كەلگەن راھەتنىڭ قەدرىنى بىل!
چۈنكى، مەغرۇرلۇق بىلەن ئەپسانە بولماقلىق خاتا.

هايا‌سىزلار قولىرىدا بولغان مەنھۇس[1]،
قىلمايمىز بىز بۇنىڭ بىلەن دىلنى مەيۇس،
چۈنكى، بوشاپ قالغىنى يوق خەلقنىڭ بېلى.

يەنە بۇمۇ بولسۇن سىزنىڭ يادىڭىزدا،
ئەۋلادىمىز قالدى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا،
سىز ياتقاندا بىغەم مېھمانخانىڭىزدا،
ئوتى ئۆچۈپ، سورۇلمىسۇن كوكىكە كۆلى.

تۇل-يېتىممۇ ئىشكىلەردە تەلمۈرمىسۇن،
مەرھەمەتسىز پەلەك خارلىق كەلتۈرمىسۇن،
ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ "ئاھ!"دەپ ئۇمتۇلمىسۇن،
پەريات چېكىپ بوغۇلمىسۇن ئۇلار گېلى.

ئەي نىم شېھىت سەنمۇ قويما زۇلپىقارنى،
تاشلىۋەتمە پىراقىڭدا كويگەن يارنى،
يولاتمىغىن پاك تارىخقا نومۇس-ئارنى،
بۇزۇلمىسۇن بىز شېھىتنىڭ قۇرغان ئۇلى.

1947-يىل مارت، غۇلجا.

---

[1] مەنھۇس — يوق قىلىنغان، ئۆلتۈرۈلگەن.

"يارنىشنى ھەق ياراتتى، يارىلىش ئۆزەڭدىدۇر"،
بايقىماي، كورۇپ تۇرۇپ قاپقانغا باسماقلىق خاتا.

ۋەدىگە تۇرماق ھەر بىر ئادەمنىڭ شەرەپلىك شەنىدۇر،
باشتا بىر ۋەدە قىلىپ، ئاخىردا بۇزماقلىق خاتا.

چارە يوق بۇزماسقا، گەر چىقسا مۇخالىپتىن بۇزۇق،
تەندە جېنىڭ بار تۇرۇپ، "ئەلھوكمۇ" ئېيتماقلىق خاتا.

قەدىرلىك يۇرت، ئەل ۋەتەنگە نىم شىھىتنىڭ ئەرزى بۇ،
"دات" دىگەنلەر"دادى"نى دالدىغا قاقماقلىق خاتا.

1947 ـ يىل ماي، غۇلجا.

خەلقنى دە، تەۋرات① ئوقى، ئىنجىل② يا قۇرئان③ ئوقى،
نىمە قىلساڭ قىل، لېكىن، نومۇسنى ساتماقلىق خاتا.

زارلىنىپ بىچارىلەر غەمدىن كوزىگە ئالسا ياش،
ياش تۇرۇپ، يوشۇرۇن بولۇپ، پىنهاندا ياتماقلىق خاتا.

سەن يىگىت جايىڭدا تۇر، مەزلۇم بولۇپ دەرت تارتمىغىن،
ئەر تۇرۇپ "مەزلۇم!" دىگەن بەتنامنى ئالماقلىق خاتا.

گەر دىسەڭ جىنىم جاپاكارلاردىن جاپا چەكمىسۇن،
كوپكە باق، ئەمما لېكىن، كوك بوككە باقماقلىق خاتا.

غەمخورۇڭ دائىم سىنىڭ غېمىڭنى يەپ زار قاخشىسا،
ئاڭلىماس گاستەك بولۇپ، تاماشا قىلماقلىق خاتا.

چۇنكى، سەنمۇ ئەر ئۇزەڭ، ئەردەك ئۇلۇغ مەردانە بول!
تەڭرىنى يادلاپ قويۇپ، تەدبىرنى قويماقلىق خاتا.

تەڭرىنىڭ تەقدىرىنى ئىشلەشكىمۇ تەدبىر كېرەك،
تېرىماي، "ئاش چىقمىدى!" دەپ ئوسەك تاراتماقلىق خاتا.

---

①②③ دىنىي كىتاپلار نامى.

بىرىلمەستىن مۇشەققەتكە يۈرگەندە ئۇ،
تۈن كېچىدە يولۇقۇپتۇ كىچىك بىر سۇ.

مۇھتتىن بىر قولتۇق دىگەن گۇمان بىلەن،
سەكرەپ چۈشتى شۈكرى ئېيتىپ زابان بىلەن.

چۈشۈپ باقسا، مۇھت ئەمەس، قۇدۇق ئىكەن،
سۈيى سېسىق، بۇسى يامان بۇزۇق ئىكەن.

چىدىيالماستىن زارلىنىپتۇ خۇدايىغا،
ئىجابەتلىك تەلەپ قىلغان دۇئايىغا.

كېچە ـ كۈندۈز قۇرۇماپتۇ يىغلاپ كوزى،
ئەلەم بىلەن سارغىيىپتۇ گۈلدەك يۈزى.

بۇندىمۇ بىر مىسكىن پاقا ياشار ئىكەن،
"غەنىمەت" دەپ قۇدۇق سۈيىن ئاشار ئىكەن.

مۇساپىرنىڭ قىلغان يىغا ـ زارىن ئاڭلاپ،
كەپتۇ يۈگۈرۈپ، بىچارىنىڭ ھالىن سوراپ.

ــ بۇ كەڭ جاھان، نىچۈك ئاڭا پاتماس جانىسەن؟
شۈكرى ئېيتماي ئۇ نىمەتكە، بەك نادانىسەن!

# جاۋاۋسم[1]

بىر زاماندا مۇھىت سۈيى چايقاپ ـ چايقاپ،
ئاتقان ئىكەن بىر پاقىنى چەتكە تاشلاپ.

ھەيرانلىقتا ئۇ بىچارە، مەيۈس پاقا،
يول ئىزدىشىپ كېتىپ قاپتۇ باشقا ياققا.

كەڭ مۇھىتىم قەيەردە دەپ ھەسرەتلىنىپ،
قاتتىق ئەلەم ئورۇۋاپتۇ غەمگە سىلىپ.

يۈرەر ئىكەن ھامان مۇھىت سۈيىن ئىزلەپ،
بوران ـ چاپقۇن توسار ئىكەن ئۇنى يۈزلەپ.

---

① 1947 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن "ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىش" نىقاۋى ئاستىدا، بىر ئەكسىيەتچى تەشكىلات قۇرۇلغان. ئۇ تەشكىلات ماڭا خەت يېزىپ مېنى تارتماقچى بولغان ئىدى. مەن بۇ شېئىرنى شۇ خەتكە رەددىيە ئورنىدا يازغان. — ئاپتور.

مۇندىن ئارتۇق لەززەتلىك سۇ نەدە بولسۇن؟
ياقمىغانلار دىلى دائىم غەمگە تولسۇن!

* * *

غېرىپ پاقا كورگىنى شۇ كىچىك قۇدۇق،
ئەتراپىدىن كورۇنمىگەچ ھىچبىر يورۇق.

ئىشەنمىگەن مۇھىت دېڭىز بارلىغىغا،
ئىمان ئېيتماس تەبىئەتنىڭ يارلىغىغا.

مېنى سورىساڭ، بۇرۇن تاشلاپ تار قۇدۇقنى،
دورۇپ قالدىم مۇھىت ئوخشاش كەڭ يورۇقنى.

دىلىم مۇھىت لەززىتىنى تېتىپ قالـدى،
تار قۇدۇقنىڭ ئىشقى دىلدىن كېتىپ قالدى.

دىمەك، قۇدۇق تۇۋىدە بىر مىسكىن پاقا،
كۇركىرايدۇ: "كېلىڭ!" دەيدۇ ئۇشبۇ ياققا.

سىز كۇركىراپ مېنى ئېلىپ بارالمايسىز،
ئىنشائاللا، ئەمدى قىلتاق قويالمايسىز.

بۇگۇنكى كەڭ مۇھىتتا مەن ئۇزگىنىمدە،
ئەركىن ھايات بەرمىسنى تۇزگىنىمدە.

— يامان سېسىق ئىكەن بۇ جاي ھەم تارچىلىق،
ھوكۇم سۈرەر ئىكەن دائىم ئاچارچىلىق.

مۇھىت دىگەن كەڭ جاھاننىڭ پەرزەندىمەن،
مىليون-مىليون يۇرتداشلارنىڭ دىلبەندىمەن.

بۇنى ئاڭلاپ قۇدۇقتىكى مىسكىن پاقا،
— ئەي مۇساپىر، كوزۇڭنى ئاچ! باق بۇ ياققا، —

دەپ قۇدۇقنىڭ بۇلۇڭىغا بارماق تىرەپ،
— مۇھىتىڭنىڭ سۈيى شۇنچە كېلەمدۇ؟ — دەپ.

قىچقىرىپتۇ: — ئەي مۇساپىر، كەل! — دەپ ئۇنى،
كورسىتىپتۇ بىر پىيالە مىقدار سۈنى.

مېھمان پاقا دەپتۇ: — مۇھىت كەڭ بىر جاھان،
بۇ قۇدۇقتەك كۈن نۇرىدىن ئەمەس پىنھان.

بۇنى ئاڭلاپ، مىسكىن پاقا بوپتۇ خاپا،
نەسىھەتلىك سوزلەر بىلەن قىپتۇ تاپا.

— بۇندىن چوڭمۇ سۇ بولامدۇ؟ بۇ — قۇرۇق گەپ،
ساراڭمۇ سەن، كوپ سوزلەيسەن، ئەي بىەدەپ.

## غەلەت[1]

سەن خەلقتىن زارلىنىپ قىلغان شىكايەتىڭ غەلەت،
ئەل بەختىنى قارا دەپ قىلغان خىيالاتىڭ غەلەت.
ئەلنى سەن قۇربان قىلىپ تاپقان ئىنابەتىڭ غەلەت،
قوي تۇرۇپ، سەن بورىدىن ئالغان ھىمايەتىڭ غەلەت.

ئەر ئەمەستۇر ئۇل كىشى كوكسىدە ۋىجدان بولمىسا،
تائىتى بولماس قوبۇل كوڭلىدە ئىمان بولمىسا،
قىش ۋە ياز ئىشلەپ تۇرۇپ، ئۆيىدە بىر نان بولمىسا،
ئۇل گادايدۇر، كوز بوياپ "دىخان"دەپ ئېيتقانىڭ غەلەت.

جانغا ـ جان ھەمرا بولۇپ، تەن ئىچرە بىر ۋىجدان كېرەك،
ئىلمى تەريابۇتقا ئالدانماس ھەر كىشى بولسا زىرەك،

[1] بۇ شېئىر مەسئۇتنىڭ رەئىس بولغانلىغىغا قارشى يېزىلغان — ئاپتور.

— بارالماسمەن تار قۇدۇقتا، جاۋاپ مانا،
چۈشمەسمەن ئۇ، سېسىق قۇدۇق ئىچرە يانا.

دىمىغىمدا ھازىرمۇ بار سېسىق بۇيى،
كورمىسەممۇ ئېسىمدىدۇر: "تىنىق" سۇيى.

تەنلىرىمدە زەھەرلەنگەن ئىز تېخى بار،
ئەركىنلىكنى سېتىش ماڭا نومۇس ۋە ئار.

ماڭا سىڭمەس، سىزگە سىڭگەن ئۇ سېسىق سۇ،
شۇنچە بولار، جەھەننەمدىن چىقسىمۇ ھو.

قۇلاق سېلىڭ، نىم شېھىتتىن بۇدۇر جاۋاپ!
سىز كۇركىراپ تاپالمايسىز پەقەت ساۋاپ......

1947 ـ يىل ئىيۇل، غۇلجا.

مەقسىدىڭ خەلق ئىچىگە پەيدا قىلىش بولگۇنچىلىك،
"يېتىمەن" دەپ ئويلىما بۇ ئىشقا تا ــ ئولگۇنچىلىك،
ئىنتىپاق خەلقىم، ئاراش يوق تامچا سۇ كىرگۇنچىلىك،
كېمىگە چاشقان سولاپ، سەن توشۇك ئەتكەنىڭ غەلەت.

چۇشىدە كورگەن ئەپەندى، قولدا بولغان خوراز،
ئىككى تەڭگىگە ساتىمغان، "قوشقىن"دىگەن بۇنىڭغا "ئاز......"
سىلكىنىپ ئويغا ـسا يوق، قولدا پۇل ياكى خوراز،
ساڭا بۇ تەمسىل دىسەم، كوزۇڭنى يۇمغانىڭ غەلەت.

زۇلمى بىرلەن قورقىتىپ، خەلق مېلىنى ئالىسا بۇلاپ،
سالىسا ھەر تۇرلۇك سېلىق، ئۇست ـ ئۇستىگە ئۇزمەي ئۇلاپ،
كىمكى سوز ئاچسا ئۇنى شۇڭگەن تۇتۇپ قويسا سولاپ،
خەلق قېنى بىرلەن سۇغارغان باغۇ ـ بوستانىڭ غەلەت.

ئوز ۋۇجۇدىن ھەر كىشى قورچاقتىن ئەتسە ئىمتىياز،
كوپچىلىككە خىزمىتىن بېغىشلىسۇن قىش ھەمدە ياز.
قارغۇدىن قويماق تاما قىلماقتىن ئەتكەي ئىھتىراز،
ئوز ئېلىگىنى چەتكە تاشلاپ، پاختا ئاتقانىڭ غەلەت.

نىم شىھىت رازى ئەمەس "ئىملاچى" ئىستىلاسىغا،
سالىمغاي ھەرگىز قۇلاق "ئولۇسچى"نىڭ ئىغۋاسىغا.

جان بولەكىنىڭ، تەن بولەكىنىڭ، بۇنداق ئىنسان نە كېرەك،
سەن جەھەننەمدە تۇرۇپ، جەننەت ھېكايەتىڭ غەلەت.

پادىشالىق بولمىغاي، قان يىغلىسا خەلقى داۋام،
زەررە راھەت تاپمىسا، ئالۋان ـ سېلىقتىن خاسۇ ـ ئام،
ئوق، قىلىچ، جادۇ بىلەن خەلقنى ئوزىگە قىلسا رام،
باش بېرىپ، تاجى كىيىپ، "شاھ!......" دەپ ئاتالغانىڭ غەلەت.

"شاھ!......"بولۇر شۇنداق كىشى خەلق يىغلىسا، تەڭ يىغلىغان،
تەڭ ياشاپ، تەڭ كۈلۈشۈپ، ئورتاق مۇھەببەت باغلىغان،
خەلقنىڭ بەختىنى، ئوز بەختىدىن ئۈستۈن چاغلىغان،
بۇ سۈپەتلەر بولمىسا، قىلغان باياناتىڭ غەلەت.

بوينى سىمدا باغلانغان قورچاقتا سەن بولدۇڭ مىسال،
بولمىسا ئوزىدە جان، مەقسەتكە ئول بولماس ۋىسال.
گەر ھەقىقەت بولمىسا ھەر بىر سوزى بولغان ئوسال،
مىللىتىڭدىن ۋازكېچىپ، مىللەتچى دەۋايىڭ غەلەت.

خەلقنى ئالداش يولىدا گەر قۇرسىمۇ تۇرلۇك پىلان،
تەخسىگە چوغنى ئېلىپ، خەلققە دىسە: "يەڭ، بۇ چىلان"،
بەربىر گىرىم بىلەن رەڭ ئەيلىگەن ئوچ باش ئىلان،
خەلقنى ئوت ئىچرە تارتىپ كورگەن ھالاۋەتىڭ غەلەت.

ئەي سەنەم مەندىن كوڭۈلنى ئۈزمىگىن "كېچىكتى" دەپ،
"ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ، بولالمايىن زېرىكتى" دەپ،
شۇم رەقىپلەرگە مېنى تاشلاپ ھامان "تىرىكتى" دەپ،
ئۆيلىمايمەن ھېچقاچان رەقىپ بىلەن "بىرىكتى" دەپ،
يىمىرىلۇر تاغدەك توسالغۇ ئادىمىزاد ئالدىدا.

يوللىغىن بادى سابادىن ھالى ـ ئەھۋالىڭ بىلەي،
دوستلىرىڭدىن ياردەم ئال، مەنمۇ ھەم بىردەك تىلەي،
بۇ تىلەكتە جەۋرى ـ مېھنەت كەلسە راھەت دەپ بىلەي،
شامدىكى پەرۋانىدەك بېشىڭنى دائىم چۆرگىلەي،
گور تىلەر دۇشمەنلىرىڭ سەن قەددى شەمشاد ئالدىدا.

مەن بارۇرمەن ئاقۋەت توسالغۇنى بىتچىت قىلىپ،
دۇشمىنىڭنىڭ گورىغا يەردىن، ھاۋادىن ئوت يېقىپ،
غاقىراپ كوكتە ئۇچۇپ، بۇلۇت مىنىپ قانات قېقىپ،
مۇككىلى توشۇك تاپالماي، قان يۇتار شۇندا رەقىپ،
پۇت ـ قولىن بوققان گۇناكارلارچە جاللاد ئالدىدا.

ئۇزىگە رام قىلىسمۇ دۇشمەن تىغىلە قورقۇتۇپ،
پۇل بىلەن ئالداش بىلەن ۋە ياكى جادى ئوقۇتۇپ،
ئالدىنىپ كەتمە! ماڭا بولغان ئىشەنچىڭ يوقۇتۇپ،
دۇشمىنىڭنىڭ بېشىنى زاغۇ ـ زۇغەنغە① چوقۇتۇپ،

① زاغۇ ـ زۇغەن ــ قاغا ـ قۇزغۇن.

باشلىدىم قارشى كۇرەش شەيتان لەئىن ۋەسۋاسىغا،
بۇ كۇرەشكە قارشى قويغان ئەمرى، پەرمانىڭ غەلەت.

1947 ـ يىل، غۇلجا.

## ئالدىدا

مەن نىگارىمنى كورەلمەي چەرخى بىداد ئالدىدا.
كىچە ـ كۇندۇز زار ئەيلەپ بولمۇدۇم شاد ئالدىدا.
كوكسىمە تاشلار ئۇرۇپ ھەم ئەيلىسەم داد ئالدىدا.
پاتىھە، ئىخلاس ئوقۇبان ۋىردى ئەۋراد① ئالدىدا.
بىر كورەرمەنمۇ يىغلىسام پىرى ـ ئۇستاد ئالدىدا.

ئەي تىيانشان توسما يارىمنىڭ جامالىن بىر كورەي،
تۇغۇلۇپ ئوسكەن يىرىمنىڭ تۇپرىغىن كوزگە سۇرەي،
يولىدا توھپە ئۇچۇن "باش قوي"دىسە، جاننى بىرەي،
توسما يولنى مەن بىرىپ دىلبەر سىلەن بىللە يۇرەي،
كونىمسەڭ رەسۋا بولۇرسەن تىغى پەرھاد ئالدىدا.

---

① ۋىردى ئەۋراد ــ دۇرۇت.

"مېنى كوپ كېچىكتى" دەپ بۇتناپ بويۇننى تولغىما!
دىل ئۈزۈپ، مەيۇس بولۇپ، پاك تارىخىمنى بۇلغىما!
ئىنشائاللا تېز بارۇرمەن چەرخى بۇنياد[1] ئالدىدا.

مەن بارۇرمەن يەر، هاۋادىن هەم تىيانشاندىن ئۆتۈپ،
مەن بېرىشقا ۋەدە قىلغان ئانت ئىچىپ، قۇرئان تۇتۇپ،
مەن بارۇرمەن دۈشمىنىڭنى تەسلىم قىلىپ هەم يوقۇتۇپ،
بارىمەن ياتماي پىراقتا، "ئاھ" ئۇرۇپ قانلار يۇتۇپ،
ئەركىسىزلىك، ئىنخ، ئولۇمدۇر هور ۋە ئازاد ئالدىدا.

يارغا يەتمەك ئاسان ئەمەس، جان بېرۇر، يا ــ جان ئالۇر،
دىلرىبا ۋەسلىگە ئاشىق قانچە قۇربانلار چالۇر،
مۇنداق ئاشىقلار ئەبەت دۇنيادا مەشهۇر نام ئالۇر،
مۇنداق ئاشىقلار مۇهەببەت سازىنى تىنماي چالۇر،
نىم شېهىتلەرمۇ تىرىلگەي سازى ئىمداد ئالدىدا.

1947 ـ يىل نويابىر، غۇلجا.

---

① چەرخى بۇنياد ــ مەۋجۇت دۇنيا.

مەن خىجالەتتىن چىقارمەن سەن پەرىزاد ئالدىدا.

مەن يېتىپ بارغۇنچە، ئۇندا سەنمۇ مەيۇس ياتمىغىن،
مېنى ”كەلمەس“دەپ، ئۈمىتسىزلىك لېيىغا پاتمىغىن،
تاقىتىڭ بارىچە تەۋرەن، كۈرىشىڭ توختاتمىغىن،
ئالدىنىپ دۈشمەن سوزىگە نومۇسنى سەن يوقاتمىغىن،
ئىلىنۇر قاپقانغا ئاخىر تۈلكە سەييادⓘ ئالدىدا.

بىلىمەن سەندە رەقىپگە بېرىلىشتىن يوق ئەسەر،
ئالدىنىپ قالما رەقىپگە، ئاقىۋەت بېشىڭ كېسەر،
تاپسا پۇرسەت بىر كۈنى، شەك يوقكى، مۈڭگۈزسىز ئۇسەر،
مەن كۈرەشنى تاشلىمايمەن، ئۆلسەم ئەۋلادىم ئۇسەر،
ئىنتىقام دەۋاسى قوزغالغاي شۇ ئەۋلاد ئالدىدا.

ۋاق يېقىندۇر سەۋرى قىل، دۈشمەن يۈرەكنى تىلسىمۇ،
ۋەھشى هايۋانلار كەبى غۇنچەڭنى قۇربان قىلسىمۇ،
گەرچە بوغىزىڭدىن زۇلۇم قارمىقىدا ئىلسىمۇ،
ئادەم ـ ئىنسان كورمىگەن قاتتىق زۇلۇملار قىلسىمۇ،
ناهەققەتلىك زەبۇندۇر، ئاخىرى داد ئالدىدا.

ئەي كۈچار، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر تولا قان يىغلىما!
دۈشمىنىڭدىن زارلىنىپ، ئۇتلۇق يۈرەكنى تىلغىما!

ⓘ سەيياد ـــ ئوۋچى.

كويمگىمدىن تاڭ قالۇر پەرھات، لېكىن مەن تاغدا ئەمەس،
ئۇخلىماي تۈنلەردە ياد ئەتكەن ئۇ بىدارىمغا خەت.

سېنى "شىرىن" دەپ ئەگەر ئىبتسام مۇناسىپ بولمىغاي،
خىسراۋ زۇلمىدىن خاراپلاشقان ئۇ بازارىمغا خەت.

ۋاھ......دەرىخا ئۇيلىسام ئۇتمۇشتىكى ئاشىق ئىشىن،
چۆلدە ئاشىقلار يازاردى، باغدا رەيھانىمغا خەت.

بۇ ئىچۇك ھالدۇر، يۇرەر مەئشۇقى سەرگەردان بولۇپ،
باغۇ-بوستاندىن يازارمەن سۆيگۇ دەپ زارىمغا خەت.

تۇندە ئاي بەرمەكتە دېرەك يارىمنىڭ جامالىدىن،
ئاي ئۇزەڭ يەتكۇز بېرىپ، مەندىن ۋاپادارىمغا خەت.

كاج پەلەكنىڭ قانچە قىلسا ئۇتمىگەي گال كاترىسى①،
ھېچ كېسەلمەس، مەن ئەگەر يازسام شېكەر خادىمغا خەت.

ئاق بەدەن قىزلار بويۇنچاق تاقسا مەرۋايىت تىزىپ،
چىشلىرىڭدىن بەلگە دەپ، يازسام پىداكارىمغا خەت.

---

① كاترىسى — تومۇر تاقىدىن ياسالغان باللار پىچىغى.

# خەت

چىن مۇھەببەتلىك كوڭۈلدىن مەن يازاي يارىمغا خەت،
دەردى ھىجران ئوتىدا قالغان ئۇ دىلدارىمغا خەت.

ئاپتاپ ھوسنۇڭگە تەشنا سەن پەرىنىڭ ئىشقىدا،
مۇپتىلا قىلغان جىنىمنى رۇزى رۇخسارىمغا خەت.

گەرچە مەن مەجنۇن دىسەم، تۇرغان يىرىم چول-دەشت ئەمەس،
جەننەتۇل پىرداۋسدىن① ئول كوزى خۇمارىمغا خەت.

لەيلى دەپ ئىپتاي دىسەم، لەيلى نىچۈك چولدە ياتۇر،
شوم بوران-چاپقۇن چول ئەتكەن بەلكى گۈلزارىمغا خەت.

---

① جەننەتۇل پىرداۋسى — جەننەتلەردىن بىرىنىڭ ئىسمى.

سىنى سۆيگەن ئەۋلادىڭنى "خائىن!" دېدىم،
"ۋەتەن!......" دېسە، "فاراڭغۇ ئۆي جايىڭ" دېدىم.

خاتىرجەم ياتقۇزمىدۇم ھېچ ئادەمنى،
بەختىن بۇزۇپ، يوللاپ پىغان ۋە ماتەمنى.

ھەقىقەتچى بولسا ھەركىم، يا ــ زىيالى،
كېچە ـ كۈندۈز مەندىن قورقۇش بولدى ھالى.

"دېخان" دېسە، يازدىم ئاڭا تۈرلۈك تۆھمەت،
خوتۇن ئوغۇل ـ قىزلىرىغا سالدىم كۈلپەت.

"نىسەن"گە① دەپ يازدىم ئۇنىڭ بار ـ يوقىنى،
شۇنداق بوغدۇم خەلقلەرنىڭ ھوقۇقىنى.

سودىگەرنى تۈنجۇقتۇرۇش تېخى ئوڭاي،
"پىڭجا" دېسەم سارغىياتتى گۈلدەك چىراي.

ئالىملارغا "خۇراپى" دەپ توقۇپ توقۇم،
ھاپىزلارغا "خەلق يىغدى" دەپ ئارتتىم ئوقۇم.

---

① نىسەن ــ مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش.

نەرە تارتسام، غاقىراپ چىقسا تىيانشاندىن سادا،
گۇلدۇرلىگەن كوكتەك بولۇپ، يەتسۇن دىل ئەسرارىمغا خەت.

هور بولۇپ ئاھىم هاۋانى قاپلىسا ئوتلۇق تۇمان،
"يەر يۈزىن بوشات!" دىگەندەك تەگدى ئەغيارىمغا① خەت.

نىم شىھىت تويماس هاياتىنىڭ ئىشقىغا، تارتسا ئەلەم،
چۈنكى قەلبىمدىن "ۋەتەن" دەپ ئالدى ئىقرارىمغا خەت.

1947 ـ يىل دىكابىر، غۇلجا.

## قەلەمنىڭ تىۋۇسى

كەچۇر ۋەتىنىم تارىخىمنىڭ قارىسىنى،
ساقايتۇرغىن يۈرىگىمىنىڭ يارىسىنى.

مىنىڭ ئىشىم ئەزەلدىن ئىدى هەقنى يىزىش،
بەش ـ ئون يىلدىن بولدى ئىشىم "ئورا" قىزىش.

---

① ئەغيار ــ غەيرى ـ يات.

يۈرىكىمگە. ياكى خەنجەر قادالمىدى،
خەلقىمىزمۇ بۇ ئەھۋالغا چىدالمىدى.

ئاخىر بولماي بىرلىكتە خەلق قوزغۇلۇشتى،
"ئازاتلىق!" دەپ، ھەق مەيدانغا چىك ئۇيۇشتى.

ئىشقا ئاشتى خەلقلەرنىڭ بۇ تىلىكى،
ئازات بولدى بۇ ئۇلكىنىڭ بىر بولىكى.

خىجىل ھازىر ۋەتەن سىنىڭ ئالدىڭدا مەن،
"توۋا" قىلدىم، ئەپۇ قىلغىن ئىلكىڭدە مەن.

نەچچە يىللىق قىلمىشتا مەن جىنايەتكار،
يۈزۈم قارا شەرمەندە ھەم خىيانەتكار.

توۋا قىلدىم كەچۈر ۋەتەن. كەچۈر ۋەتەن!
چۈنكى، مەن بىر قۇرۇق تومۇر، جانسىز بەدەن.

بەلكى مىنى ھەر تەرەپكە ئىشلەتكەن قول،
بەلكى قولنى ھەر كەتكە كەلتۈرگەن پۇل.

بەلكى جاننىڭ تاناۋىنى تارتىپ قويغان،
بۇ ئۇچىگە شۇ ئىشلارنى ئارتىپ قويغان.

خەلقنى بوغدۇم ئەركىنگىنە دەم ئالدۇرماي،
چوڭراق تىنسا سولاپ قويدۇم، بىر سوز سورسماي.

"سوزلىگەننى تىلدىن تۇتۇپ ئاسسۇن!" دىدىم،
"شۇك تۇرغاننى گاڭزىلارغا باسسۇن!" دىدىم.

ئىلدام ماڭسا، ئەمرى قىلدىم: "كېسىك ئاياق!"
ئاستا ماڭسا، سېلىك دىدىم: "قاتتىق تاياق!"

دىمەك، مەندىن ھېچكىم ئامان قالغىنى يوق!
نەگە بارسا ئايىغىغا قازدىم قۇدۇق.

ھېچبىر كىشى ھەقىقەتنى سوزلىيەلمىدى،
مەندىن ئامان قېلىشنى كوزلىيەلمىدى.

نىمە يازسام "ياخشى!" دىدى قورقۇپ خەلق،
شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلققە سالدىم سانسىز سېلىق.

بۇ توغرىلىق ھېچكىم سوئال بېرەلمىدى،
كوپچىلىك خەلق ھەقىقەتنى دىيەلمىدى.

قانداق قىلسۇن، سوز قىلىشقا چارىسى يوق،
"لام-جىم" دىسە، جايى زىندان ياكى بىر ئوق.

خەلقىنىڭ غەيرىتى كۆپتۇر، ئۈمىتنى زادى ئۈزمەيمەن،
شەرەپلىك تارىخىمنى قارىلاپ مەن ئەھدى تۈزمەيمەن،
يەنە ۋەتەن خەلقىمنىڭ ئەھدىسىنى ئەسلى بۇزمايمەن،
پەقەت گەپ بىر، ياش توكمەيمەن، سوزۇمنى ھەمدە سوزمايمەن،
كۈرەش مەيدانىدا قادىر ئېلى جانىمدىن ئايرىلدىم.

ئۈمىدىم كوپ بۇ دۇنيادىن قىلۇرمەن تاغنى تاغاقتەك،
رەقىپنىڭ پوستىنى ئاشلاپ، تولۇم ئەيلەيمەن ياغاقتەك،
ھارام قان ئىچكۈچىلەرنىڭ تىلىپ باغرىنى باغاقتەك،
سۇغارسام تىللىرىنى ئاجىز قىلىپ قەلبىنى "قاماق"تەك،
دىمەسمەن دەل شۇ چاغدا گۈل - گۈلۈستانىمدىن ئايرىلدىم.

ئەدەپسىزلىك دىمەك دوستلار، مېنىڭ دەۋالىرىم چىندۇر،
زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ نەشتىرىن ئالماق مۇمكىندۇر،
تىلەكىمگە قوشۇلغان دەرتمەندۇر ھەمدە مومىندۇر،
يېرىم مۇنبەت، ھوسۇلى مول، نىگە ئەل ئاچ ۋە مىسكىندۇر،
ئاسارەت كوچىسىدا مەن يىگەن نانىمدىن ئايرىلدىم.

جاھان ئەھلىگە ئوخشاش يەر يۈزىدە مەنمۇ ئىنسانمەن،
تىرىكلىكتىن ئەسەرلەر قالدۇرۇشقا ھەم تىرىشقانمەن......
تېخى ئۇز ۋاقتىدا دۇنيا بېشىغا تاجلەر قىسقانمەن......
نىمە بولدى بۇ كۈنلەردە زۇلۇم ئىلكىدە ۋەيرانمەن؟!
ئەجەپ خارلىقتا قالدىممەن، يېرىم جانىمدىن ئايرىلدىم.

مېنىڭ تووام كىنايىدۇر يازغۇچىدىن،
"ئاقچىنى"دەپ ھەقىقەتتىن ئازغۇچىدىن.

ئازات بۈگۈن، نىم شىبھىتىنىڭ ئىلكىدىمەن،
ۋەتەن سۆيەر خەلقچىلىنىڭ سىلكىدىمەن①.

1948 ـ يىل يانۋار، غۇلجا.

## ئايرىلدىم

ۋاپا دۇنياسىدا مەغرۇر شۇڭقارىمدىن ئايرىلدىم،
مۇرۇۋۋەت بوستانى يېنىدا گۈلزارىمدىن ئايرىلدىم،
سۆيۈملۈك جان ئانام يەنى جىگەر زارىمدىن ئايرىلدىم،
زامانىنىڭ كاجلىغىدىن جەۋرىلە يارىمدىن ئايرىلدىم،
ئۆسكەن يېرىم ئۆي ھەم ماكان ـ جايىمدىن ئايرىلدىم.

---

① سىلكى ـ ئىختىيارى.

ياۋايىدۇر ئۇ، بىر ئادەم سۈرەتلىك ۋەھشى جاللاتلار،
ئەزىز جانلارنى قۇربان ئەيلىمەكتە بەلكى ساييياتلار،
بۇ شۇم قۇشلارنىڭ زۇلمىدىن چىمەنزارىمىدىن ئايرىلدىم.

قۇتۇلماق يولىن ئىستىگەن جانلار قېنى دەريا كەبى ئاقتى،
ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە زۇلۇمنىڭ ئوتلىرىن ياقتى،
ۋاپاسىز شۇم پەلەك ھەم شۇنچە چاغ سول كوز بىلەن باقتى،
ئېلىم قەلبىدە ئورناشقان ساداقەتلىك ئويىن چاقتى،
شۇنىڭچۇن، قۇل بولۇپ مەن دەرتكە دەرمانىمدىن ئايرىلدىم.

چىدىيالماي ئاخىرى قۇللۇققا قارشى قايىندى ۋىجدان،
جىگەر لەختە-لەختە ھەم يۈرەككە تولغان ئەردى قان،
جىنازا، گور، كىپەن قىلماي، يۇغۇشتۇرغاچ قارا زىندان،
باراۋەرلىك ساداسىغا قوشۇلماي قالمىدى بىر جان،
كىرىپ مەنمۇ بۇ يول ئىچرە كاساپاتىمدىن ئايرىلدىم.

بېرىپ ئېيتقىن سابا خەلقىمغە غەپلەت ئۇيقۇدىن تۇرسۇن!
جاھان خەلقىغە ئوخشاش ھورىيەتتىن بازار قۇرسۇن!
ئېزىلگەن ھەممە مىللەتنى بۇ بازارغا ئۇيۇشتۇرسۇن!
چۇشەنمەسلىككە يول قويماي، تۇرۇپ بىر-بىر تونۇشتۇرسۇن!
يېقىن تارتسۇن كىشىنى، ئېيتسا مەن ئەزايىمدىن ئايرىلدىم.

تىلەكىمدۇر تەگرىدىن، كەتمىگەيمەن ئۇشبۇ دۇنيادىن،
يوقاتماي بۇ يېرىمدىن تىرىك تاپلار بىخى بۇنيادىن①،
تەلەپ قىلماي تېخى ئاندا زۇلۇم چەككەن خەلق دادىن،
جاھان ئۇنۇۋانىغا يازدۇرمايىن ئاخىر ئىلىم ئاتىن،
دىگەيمۇ شوندا ھەم ساتقۇن تىرىك تاپىمدىن ئايرىلدىم.

ئىلىم ھۇشيارلىقتا ئېھتىياتتا باسسا ھەر يەرنى،
زەئىپلەرمۇ تەۋەللۇت② ئەيلىسە رۇستەم سوپەت ئەرنى،
ئىككىنچى كورمىسە خەلقىم بۇ كۇندەك ئەسكى مەزھەرنى③،
كورۇپ خەلقىم سۇيۇنسە ئوز ئىچىدىن توزگەن ئەسكەرنى،
دىمەيمەن شۇندا كەتسەم ئەمدى دۇنيايىمدىن ئايرىلدىم.

مىراس قىلسام تېخى ھەم شۇندا ئەركىنلىكنى ساقلاشنى،
بۇ ئوتكەن نەچچە يۇز يىللىق قارا تارىخنى ئاقلاشنى،
سوۋېت خەلقى كەبى بىرلىك باراۋەرلىكنى ياقلاشنى،
ئۇگەنسە خەلقىمىز تارىخنى ئوگدىن ۋاراقلاشنى،
بۇ ئىشلاردىن بۇرۇن ئولسەم، مەن ئارمانىمدىن ئايرىلدىم.

ئەجەپ ياتتۇق ئاسارەتتە پەلەكتىن ئاشتى ۋاي داتلار،
قۇلاق سالمايدۇ بۇ زالىم، تامام خەلق قىلسا پەرياتلار،

① بىخى بۇنيا — بىخ ۋە يىلتىز.
② تەۋەللۇت — تۇغۇش.
③ مەزھەرنى — سەت كورۇنۇش.

قىلما ئازات بۈلبۈلۈڭنى ئۆچمىدىڭ دەپ تەنە-بەند،
چۈنكى، مەن ئازات، قېرىنداشىم قەپەزلەر ئىچرە بەند.

قۇتقۇزۇش بۇرچۇم مېنىڭ بىبەھرى زىنداندىن ئۇنى،
بۇ تىلەككە يەتمىگۈنچە ئۇخلىمايمەن بىر تۈنى.

سۇندى مەنھۇس شۇم قەپەزدە نەچچە بالداق زور بىلەن،
بېكىتەلمەي قالدى سەيياد نائۈمىت ھەم تور بىلەن.

جانغا ئاپەت بۇ ھاياتلىق قالسا قەرداش قۇل بولۇپ،
لايىق ئەمەس بىزگە خوشال سايرىماق بۈلبۈل بولۇپ.

ئەي قېرىنداش رەھمىدىن يىغما ئىلىكىڭ بۇ زامان،
مېنى كورمەك ئىستىسەڭ ئال قولۇڭغا زەپىران.

رازى ئەرمەس راھىتىمگە ئەلنى ئازات ئەتمىسەم،
توختىمايمەن بۇ كۆرەشتىن تا-ئۈمىتكە يەتمىسەم.

چۈنكى، قۇدرەت، شانۇ-شەۋكەت، ئارزۇ-نومۇس مەندە بار،
نەچچە ۋاقتىن يۈز ئۆرىگەن بەخت-تەلەي ئەمدى يار.

ماڭا قۇللۇق بەك ئۇياتتۇر "ئاھ!......" ئۆتمۈشتىن پانا،
ئابرويۇم بولدى قۇربان، بۇ نەيەگىلىغ زور گۇنا.

قوبۇل تۇت! ئەھلى دەرتمەن نىم شىھىتتىن ئۇشبۇ بۇيرۇقنى.
يوقات تېز بۇ زىمىندىن مۇستەبىتنى ھەمدە قۇيرۇقنى!
تام خوشناگدىن سوراپ بىل! ئەمەلدە يول ۋە يورۇقنى،
كۇرەش بازارىدا يوق ئەيلىگىن باشتىكى بۇ خورلۇقنى!
تولا ئۇخلاپ قارا باسقاچ قەدىردانىمدىن ئايرىلدىم.

1948 ـ يىل فېۋرال، غۇلجا.

## غەزەل

تەنە ئۇرماڭ ئەي قېرىنداش تاڭ يورۇشىنىڭ ئالدى بۇ،
ئاتسا تاڭ، كەتسە قاراڭغۇ، ئاپتاپقا روبىرۇ.

تۇندە ئۇچقان شەپەرەڭنىڭ كوزى بولسا نابىنا،
تۇندە جەۋلان ئەيلىگەن جىن ئىستىسە ئەلدىن پانا.

ئىنتىزارمەن بۇ يورۇق تاڭ تېز ۋۇجۇتقا چىققۇسى،
يوق بولۇر تۇنلەردە يوتقان ئىچرە جىنلار قۇتقۇسى،

كور چەۋەنداز يەر بوشۇكتە مەڭگۈ ئۇيقۇ باشلىغاي،
گۈل ۋە بۇلبۇل نالە-زارىن شۇندا بىر يول تاشلىغاي.

ئىم شىھىتمۇ جامى مەغرۇردىن سادا-ئىلھام ئالار،
ئەل تىلىگى بىرلا شۇ چاغ دوستىغا مىھمان بولار.

1948-يىل ماي، غۇلجا.

## سەپەردىكى يارىمغا

تاڭ ۋاقتى يېقىنلاشتى،
جانان ئەمدى تىنچلانسۇن.
شەپەرەڭ پېشىن قىسىپ،
يەر ئۇيگە بېغىشلانسۇن.

ئۇنمىسۇن تىكەن يولغا،
تەگمىسۇن شامال گۈلغا،
جاي ياساڭلار بۇلبۇلغا،
تالليمايلا جايلاشسۇن.

ئۇرتىدى دىلنى زۇلۇمنىڭ دوزىخى دۇنيادا ئىخ،
زۇلمى بىرلەن ھەم يۇرەككە "سەۋرى"دىن سانچىلدى زىخ.

ۋاي دىمەسلىك پەرز ماڭا، يارسا كوكرەكنى زۇلۇم،
نارىزالىق چوڭ گۇنادۇر، گەرچە بەخش ئەتسە ئۇلۇم.

بەلكى ئەۋلاتلارغا مىننەت گور،كىپەندىن يوق غېمى،
ھەم جىنازا كوتىرىشكە لازىم ئەمەس ئادىمى.

تېخى ئەۋلات مال بولۇشمەك، تەقسىم ئەتمەكتىن خالاس،
چوڭ مىراسخور بولدى "نىسەن" خەلقتە بىر پۇل ئۇخلىماس،

سەنمۇ بۇندىن ئاز مۇقەددەم مەندىن ئۇتەر خار ئىدىڭ.
گۇل ـ گۇلۇستان سوزى قايدا، ياپرىغىغا زار ئىدىڭ.

قايىسى چاغ تۇغدى قۇياش، تۇتتى قولۇڭنى پاسىۋان،
بەس شۇ سائەت ساڭا ئازات بولدى ئۇنىۋان داستان.

ئىستىگىمدۇر سەن كەبى ئازات ياشاش گۇلشەندە شات،
دەل شۇ مەقسەت ئۇستىدە قىلماقتىمەن تىنماي جاھات.

ئىنشائاللا، ئاندا بىغىم ئىچرە ياشنار لالە ـ گۇل،
بولمىغاي بۇلبۇل سىغىنىزخانىغا، قاغىغا ئۇ چاغدا قۇل.

زاغلەرنى قىلىپ پايىمال،
بوستان ئەمدى گۈللىلىنسۇن!

تۇر! ئۇخلىما، ئويغاق بول!
يار مېنىپ كېلەر دۈلدۈل،
بۇندا سەن خەۋەردار بول،
يار تېخىمۇ روھلانسۇن!

ئەي يار، بىزگە بول مەشئەل!
ۋاق ئۇتمىسۇن، تېزراق كەل!
خەلقچىللىقنى سەن قىل ھەل!
تەشنالار سۇغا قانسۇن!

كېلىشىڭگە مەن تەشنا،
چۈنكى، سەن ماڭا ئاشنا......
پاك ۋىجدان بىلەن ياشنا.....
ئەل يولۇڭغا ئاتىلانسۇن!

ئەلنى ئەل دىسەك تەھقىق،
ھەممە بولسا بىر تەتىبق،
تىلىگىڭ ماڭا تەستىق،
زاغون باشلار قوغلانسۇن!

سۈبھىنىڭ شامالىدا،
يارىمدىن خەۋەر كەلدى.
باغ ئىچىدىكى گۈللەر —
دېدىم: "ياردىن ئايلانسۇن!......"

يولىغا قاراپ تالدىم،
ئاخىر ئەمدى ئاتلاندىم،
دەرت تارتقان يۈرەكلەرگە،
يارنىڭ زۇلپى① باغلانسۇن.

يەتكۈزگىن سابا يارغا،
گۈللەرنىڭ سالامىنى،
ئاڭلىغاندا "ئاھىنى......"
چارىسىنى ئويلانسۇن.

ئورماندا سېغىزخاندىن،
ئۈچ باشلىق ئىلان خاندىن،
بىزارمەن ئۇ "مېھماندىن"،
جەھەننەمگە يوللانسۇن!

ئەي باغۋەن بۈگۈن خوشال،
يار كېلەر، پاياندار سال.

① زۇلپى — چاچ.

دەرتلىك دىلنى باسقاي غەم،
بۇنداق پىكىر تاشلانسۇن!

زاغ بىلمەس باھار قەدرىن،
ياش بىلمەيدۇ يار قەدرىن،
ئەر تونۇيدۇ ئەر قەدرىن،
مەيلى قولىمۇ قوشلانسۇن!

بىغىم ئەسلىدە كۆنگەي،
دۇنىياغا ئەمەس ئۇگەي،
كىرەك ئەمدى بىر "رۇگەي"①
دەۋرى چاقى قىمىرلانسۇن!

نىم شىبھەت نىمە بولدى؟
ئۇزىچە بۇگۇن كۇلدى؟......
كۇتكەن چاغ يىقىن قالدى......
باشقىلارمۇ جانلانسۇن!......

1949 ـ يىل سىنتەبىر، غۇلجا.

---

① "رۇگەي" ــ لوق گوش.

مەن ساڭا تىلەكداشمەن،
چىن كوڭۈلدىن ئاداشمەن،
قەدرىڭ بىلگىلى ياشمەن،
بۇ ياقلارمۇ يادلانسۇن!......

سوزلىسەم، دىمە: "ئىسيان!"
چۈنكى، مەنمۇ بىر ئىنسان.
شەپقەت بىرلا قىل ئىھسان،
زەرداپ دىلمۇ شاتلانسۇن!

ئۇي بازارۇ — دوڭ بازار،
شۇم قۇشتىن تامام بىزار،
كىرەكمەس قۇرۇق مازار......
ئەلنى ئەل ھىساپلانسۇن!......

قاتتىق سوغاق، قارا قىشتا،
بولمىغان تۇماق باشتا،
دۈشمەن ئۇيدە، بىز تاشتا،
بۇمۇ دىلدا ساقلانسۇن!

باقمىساڭ ئەگەر سەنھەم،
ئەھۋالىمغا ئۇرماي دەم،

ئاقۋەت بولدى رەقىپلەرنىڭ ئۆيى ماتەم-سەرا،
شۇملەئىن شەرمەندىلىكتىن بولدى ئاخىر يۈزى قارا،
شاتلىقتىن تىنماي ئېيتاي ئەرزىمنى گۈليار ئالدىدا.

تاڭ قېتىپ پەرۋانە قالسۇن ئورگىلەي بېشىڭنى جان،
ھەم ۋىسالىڭ شەرۋىتىدىن نۇش ئېتەي، كورسۇن جاھان،
خۇددى مەستەك سىر توكۇشتە سوزگە كىرسۇن بۇ زابان،
تەڭ ئەمەسدى ھىجرىدىن رەڭگىمگە رەڭگى زەپىران،
ئەندىلىپتەك① ئەرزىم ئېيتاي باغدا گۈلزار ئالدىدا.

خەيرىيەت كەڭلىككە تەڭ، ھەققانىيەتكە شادىمەن،
ئەل غېمى ھەم بەختىگە ئورتاقچى دىخان زادىمەن،
ئەمدى مەن خەلقىم بىلەن تەڭ ئۇشبۇ كۈن ئازادىمەن،
مۇستەبىتلەر كوزىگە بىر قاتىلى جاللادىمەن،
ئەمدى خەلق تۇرماس گادايدەك تەلمۇرۇپ غار ئالدىدا.

يوق چىمەنزارلىقتا قاغا بىلەن ھۇقۇشقا ئورۇن،
سايرىسۇن بۇلبۇل غېمىن ئىزھار ئېتىپ بولماي ھورۇن،
بىز كەبى ئەۋلات ئۈچۈن ئازات ۋەتەن بولسا بۇرۇن،
بولماس ئەردۇق رەھمىسىزلەر ئالدىدا تەرى سورۇن،
قىسماس ئىدۇق بوينىمىزنى ھىچبىر ئەغيار ئالدىدا.

---

① ئەندىلىپ — بۇلبۇل.

# ئالدىدا

ئۆزگە جانان نەكېرەكدۇر بىر پىداكار ئالدىدا.
لەۋلىرى، گوھەر نىسار ئەتكەن شېكەر خار ئالدىدا.
سايرىسام بۇلبۇل سۈپەت تۈن - كۈن ۋاپادار ئالدىدا.
ئەرزىگەيمۇ نالىشىم ئۇل كوزى خۇمار ئالدىدا.
يۈزى گۈل، سوزى شېكەر، شوخى ستەمكار ئالدىدا.

بولسا مەجنۇن قەلبىگە لەيلى ۋىسالىدىن ئارام،
قانچە يىل "ۋامۇق" ئىيقىپ "ھۇزرا" دىسە مەقسەت مۇدام،
ياكى پەرھات كوڭلىدە شىرىنغا قىلسا ئېھتىرام،
ماڭا ئۇ، رۇيى ئانادىن باشقىسى بولسۇن ھارام،
ھىچ گۈزەل كوزگە كورۇنمەس، ئۇل گۈزەل يار ئالدىدا.

يول تاپالماي نەچچە يىللاردىن قاراڭغۇ تۈن ئارا،
ئۇل سەنەمنىڭ ئىشقىدا ھەر كۈندە يۈز مىڭ ماجىرا،

ئەل بەختىنى قارا قىلماق يولىنى كەڭ ئەيلىگەن،
كورمەس ئىدۇق بىز كۈن نۇرىن زەررە مەككار ئالدىدا.

هەر جاناپلارنى جەنۇپتىن قىلماس ئىدى ئىمتىياز،
پارىخورلۇق تۇخمىن ئەكمەك ئادەت ئىدى قىش ۋە ياز،
پارىدىن "ئاخۇن" قىلىپ ئاق باشلا بولسا، مەيلى تاز، ......
خەلققە قىلغان تۆهمىتى هەم بولمىدى شۇڭلاشقا ئاز،
هولگە ئۇلاشقان چىۋىندەك ئىدى بىسيار ئالدىدا.

هەم خىيانەت ساهىسىدە يوق ئىدى مىسلى ئۇنىڭ،
چوڭ مۇقەددەس ئىش ئىدى توهپە ئەيلىمەك تاپقان نىنىڭ،
نامىڭ ئېيتىلسا ئۇلار بار يەردە قالماس ئارمىنىڭ،
چەشمىدەك ئەلنىڭ ئاقار قازىنىغا قېنى ئۇنىڭ،
تەلمۇرەر ئەردىك بويۇن قىسىپ زىمىندار ئالدىدا.

هەر تەرەپ كەتمەك ئۇيىن تاشلاپ تۇپەيلى ئىدى نان،
ئىگىرىشىپ قالغان سەبىلەر تېنىدىن چىقماي بۇ جان،
زۇلۇمىنىڭ دەرياسىدا سۇ ئورنىغا گەر ئاقسا قان،
بەرمىگەن شەپقەت يۈزىدىن ئەلگە بىر سائەت ئامان،
كۈنگە قاخلاپ كوكسىنى يىغلايتتى دىۋار ئالدىدا.

ئورتىگەن ئاق باش مومايلار قەلبىنى پەرزەنت دېغى،
هىجرىدىن تىلغان بوۋايلار كوكسىنى زۇلمەت تېغى،

بولغان ئىدۇق ئەسىرلەر ئەركى جاھاندىن بىنىسىپ،
دۇنياغا ياقتۇرمىغان نائەھلى گەردەندىن يىسىپ،
باش كوتەرسە يوق قىلاردى، باش كېسىپ، دارغا ئېسىپ،
شۇڭلاشقا، زىندانلىرىغا مۇردىلەر تولغان سىسىپ،
قان يۇتارمەن ئويلىسام، بۇ چەرخى زەڭگار① ئالدىدا.

ھىچقاچان خەلق ھالىغا بىر زەررەمۇ قىلماي نەزەر،
قالدى مائارىپ يامغۇرىنىڭ تامچىسىدىن بىخەۋەر،
كورمىگەن ئوك-سولدا دۇنيا بولسىمۇ زىرۇ-زەۋەر،
دەر ئىدى خەلقىم زۇلۇمدىن "ئەلھەزەر، مىڭ ئەلھەزەر،"
پىرىخوندەك ئەللە ئويناپ كەلسە جىندار ئالدىدا.

دەرت ئەلەمنىڭ كوپلۇگىگە باشتا چاچ ئازلىق قىلار،
گۇل-گۇلۇستان باغلىرىمنى بىر لەھزىدە سازلىق قىلار،
بىر كوڭۇل ئاچسا ئەگەر يىللىق ھوسۇل ئازلىق قىلار،
كەيپ ئۇچۇن ئەلنىڭ ھاياتى بىرلا جانبازلىق قىلار،
كوك ئىگىز، قاتتىق زىمىن، ئولدەم گۇناكار ئالدىدا.

زاھىرىنى "چومچىخان"دەك ھىلىدىن رەڭ ئەيلىگەن،
ئادىمىنى توت ئاياقلىق ھايۋان بىلەن تەڭ ئەيلىگەن،
مەرىپەت دۇنياسىغا قارشى تۇرۇپ جەڭ ئەيلىگەن،

---

① چەرخى زەڭگار — كوك ئاسمان — ئاسمان گۇمبىزى.

ئىككى يۈز يىللىق كۈرەشكە ئۈشبۇ دەۋرىمدۇر يەكۈن،
چۈنكى، تەييارتاپ مەرەزلەر جايىنى تاپتى بۇگۈن،
خەلق كۈچىدە مۇستەبىتلەر بولدى تالقان ھەم كۇكۈن،
ئەمدى شەكسىز كەمبەغەللەر نانلىرى بولغاي پۈتۈن،
تەلمۈرۈپ ئىنساپ تىلەپ، تۇرماس ساماۋار ئالدىدا.

ئەي ۋەتەن ئەھلى غەنىمەت دەۋرنىڭ قەدرىنى بىل!
تاشلا ھورۇنلۇقنى، باشلا ئىشنى، ھەممىنى ئورنىدا قىل!
سىپىرى باغلاپ كەلسە جادى، قورقما، تۇر، باغرىنى تىل!
چارە يوق "تەقدىر"گە دەپ، زەرداپ يۇتۇپ، سەن بولما سىل!
خەلقمۇ سەن ھەم شاھمۇ سەن، بىلسەڭ بۇ ھەمكار ئالدىدا.

شاخلىسۇن، يىلتىزلىسۇن خەلقىمدە بىرلىك، ئىتتىپاق،
ھەممە ئادەم كوڭلىدە ۋەتەنگە بولسۇن ئىشتىياق،
كىرمىسۇن دۈشمەن ئاراغا، بولمىسۇن دىلدا نىپاق[1]،
ئوقۇسۇن تۇرلۇك بىلىملەر، باسمىسۇن كوزنى چاپاق،
كوك يېرىش ھەم سۇ ئۈزۈش بولمايدۇ دىشۋار ئالدىدا.

ھەر كىشى قىلماقچى بولسا ئەل يۈرتىنى بەختيار،
ئىشلىسۇن جان كويدۇرۇپ ئىلكىدە باردۇر ئىختيار،

---

① نىپاق — ئىتتىپاقسىزلىق - بولگۈنچىلىك.

بېشىمىزدىن كەتمىگەن خىسراۋ①سۇپەت جاللات تېخى،
مۇت كىپەنلەرگە بېغىشلانغان ئىدى شىرىنىنىڭ بېغى،
ياسىمىندەك جاذىگەرلەر ئەردى تەييار ئالدىدا.

باتىنى② زوقۇم بىلەن تولغان ئىلاندىنمۇ بەتتەر،
شەپشەكى جادۇغا ئوخشاش شەپقەتتە شاياتۇندىن ئوتەر،
يەتتە باشلىق يەلماۋۇز مەيۇس بولۇپ كەلسە، كېتەر،
سىغدۇرالماي دەرتنى خەلقىم دەمبەدەم زەرداپ يۇتار،
نان تىلەپ يالغان كېسەل ياتقانتى مازار ئالدىدا.

ئەل هايات — دۇنيا هايات، ئەركىن تىلەك هەر دەم چېلىش،
شاھ بولۇش مەقسەت ئەمەس، خەلق راھتىن ئەركىن قىلىش،
ئەزگۇچى قانخور سەتەمكار بولسا ئۇنى يوق قىلىش،
ئەلنى "هايۋان"لىقتىن ئايرىپ، ئەل قاتارىدا قىلىش،
كونا موزدۇزدەك يالاڭ پۇت قالغان خېرىدار ئالدىدا.

قۇل بولۇپ تۇرمۇش كەچۇرگەندىن زادى نىمە پايدا بار؟
ئۇلگىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ ئەرك ئۇچۇن بولغۇنچە خار!
رەھمى قىلدى بىزگە ئاخىر خەلق كۇچى كەتمەي بىكار،
شۇنىڭچۇن، خەلقچىل كىشلەر بىرلا قىلدى بىزنى يار،
ئەمدى بوي ئەگمەس ئېلىم توغراي دىسە دار ئالدىدا.

① خىسراۋ — ئىران سۇلالىلىرىدىن بىرى، پەرھادنىڭ رەقىبى.
② باتىنى — ئىچكى دۇنياسى، دىلى، كوڭلى.

ئەل ئۈچۈن بۇ جان كاپالەت دېگەن،
ئۈلكەم كۈرمىسۈن مالالەت دېگەن.

ئارىمىزدا يوق بولغان ئۇ مەرھۇم......
ئەمما يۈرەكتە ئۇ، قىلغان مەپھۇم.

ئەبدى ساقلىنار كۆڭۈلدە يادىڭ.
بۈگۈن ئەمەلگە ئاشتى مۇرادىڭ.

ئەي ئەزىز رەھبەر سەن ئىدىڭ بىر نۇر،
يۈرەكلەر سەندىن ئالاتتى ھوزۇر.

ئەلنىڭ راھىتى ئىدى تىلىگىڭ،
خەلق بەختى ئۈچۈن سالغان يۈرىگىڭ.

سالغاچ نەزىرىڭ سەن ھەممە تەرەپ،
خەلقىمغە ياققان سەن بىلەن شەرەپ.

خەلق ئىدى سېنىڭ ھەممە ئەرمانىڭ،
خەلق ئىدى سېنىڭ دەرتكە دەرمانىڭ.

يىغاڭ ۋە كۈلكەڭ خەلق بىلەن ئورتاق،
سەندە بار ئىدى مۇشۇ ھال مۇتلاق.

يېڭى خەلقچىللىق تۈزۈمدۈر بىزگە ئەڭ ئالى شوئار،
بەرگۈسى بۇ يول ۋەتەنگە، خەلقىمىزگە ئېتىۋار،
ئۈتمۈشۈم دىلدىن قاچان كەتكەي ئۇخۇنخار ئالدىدا.

ئىم شىھىت ئۈتمۈشنى قوي، سەن دەمبەدەم ئالدىڭغا باس!
ماغدۇرۇڭ بار، ئالدىدا بول! قالما كەينىدە خالاس،
گەر ئېغىرلىق كەلسە ئىشتا دەۋردىن قىل ئىلتىماس،
چۈنكى، ھەر دەم ئالغا باسماق خەلق ئۈمىدى بىرلا ماس،
ياي خېرىدارلارغا سەن رەختىڭنى بازار ئالدىدا.

1950 ـ يىل ماي، باي.

## رەھبەر خاتىرىسىگە

ئەخمەتجان ئىدى جانانىمغا جان،
بەلكى يۈرەكنىڭ تومۇرىغا قان.

ئاھ.....بۇ جان ئىدى يۈرەككە داۋا،
سۇ ئىچەر ئىدى ھەر بىر بىناۋا.

"سەندىن غېمىم يوق، ئەي ئەجەل!" دېدى،
"بىراق، ئايرىلىش بىمەھەل!" دېدى،

شۇ بىلەن بولدى ھاياتى تامام،
"ئۇنتۇلماس خەلقىم" دېدى" ۋەسسالام".

قالدى دىللاردا مۇبارەك ئىسمى،
گاھى چۇشلەردە كورۇنەر جىسمى.

بىر يىلغا تولــدى ئۇنىڭ ۋاپاتى،
تىلــلاردا جارى تۇرلۇك سىپاتى.

ھېچكىم قالمىدى ھازا قىلمىغان،
يوق ئۇلكىمىزدە تىلغا ئالمىغان.

بىر يىل مۇقەددەم دىللارنى باسقان،
قايغۇلۇق ماتەم لەۋھەسىن ئاسقان.

ئۇنتۇلماس ئۇنى ئىزلىگەن ئەللەر،
ئۇتسىمۇ گەرچە كوپ ئۇزۇن يىللەر.

چۇنكى، بولغان ئۇ، خەلقىنىڭ ئۇستازى،
ھەممە خەلق ئىدى ئۇنىڭدىن رازى.

ئىسمىڭ ـ جىسمىڭغا ئەجەپ مۇناسىپ،
ئۇلكەمدە ئىدىڭ ماھىــر بىر كاسىپ.

كۈرەش چاغلىرىدا نامىڭ ئىدى يار،
ئوتلۇق يۈرەككە دائىم مەدەتكار.

سەندىن ئۆگەنگەن ئازاتلىق، ۋىجدان،
ئۇنتۇلماس سېنى ئېزىلگەن ئىنسان.

"ئازاتلىق"دەپ تۈرۈپ چىقتىڭ يەڭ،
ھەممە مىللەتنى قىلماقچىدىڭ تەڭ.

يىقىلدى زۇلۇم يەر بىلەن يەكسان،
ئەزگۈچى جانلار باشلىرى سەرسان.

ئەلنىڭ جېنىغا راھەت قوشقانسەن،
چىڭتماق بولۇپ كوكتە ئۇچقانسەن.

بەردى خەتەرگە تۇمانلىق ھاۋا،
دىللارغا دەرتنى قويدى بىداۋا.

(قوغلىشىپ ئەجەل ئۇنىڭ قەستىدە،
بېرىپ يېتىپتۇ كوكنىڭ ئۈستىدە.)

چىقسام تۇرىدۇ رەت ـ رەت مەكتەپ دەرۋازىسىدا،
تەرتىپ بىلەن سوز بارماقتا ئىكەن دەرس بارىسىدا،
قالۇن كەبى زىل ئاۋازى تۇگۇن يوق ئارىسىدا،
شوق تۇرمۇشتا خۇددى باھاردەك غۇنچە پورەكلەر.

بالىلىق ھەۋىسى يوقتەك ئۇلارنىڭ كورىنىشىدىن،
ئوقۇش كويىدا بىر بىرىگە يولىنىشىدىن،
خۇرسەنلىكى كوپ مەكتەپ ئىچىنىڭ گۇللىنىشىدىن،
دىللار كۇلسۇن سىزلەر بىلەن، ئەي شوق يۇرەكلەر.

كەلگۇسى پارلاق مەكتەپنى كىشى قىلسا نىشانە،
پارتىيە تىپىپ بەردى ھاياتقا شەۋكەتۇ ـ شانە.
بۇ بىلەن ماڭمىسا، ئالغا باسالماس ئەگرى پىشانە.
سۇپۇرۇپ تاشلاڭ يولدا يولۇقسا تاشۇ ـ كوتەكلەر.

ۋاقىت غەنىمەت، ئوگىنىش سىز ئۇچۇن جانىنىڭ بەختى،
ئىلمۇ ـ ئىرپان ھەر بىر كىشىنىڭ تاجىيۇ ـ تەختى.
قانچە بويالسا بىلىمى يوقنىڭ ئوتمىگەي رەختى،
تىرىكتاپ جانلار — تۇغ شادىسى يوق ئولگەن تىرىكلەر.

خەلقىمنى دىسەڭ، ئوگىنىشكە راسا باغلا بىلىگنى،
ئوگىنىش چىغىدا باشقىغا بۇرىما جانۇ ـ دىلىگنى،

يادىكار قالدى باسقان ئىزلىرى،
ئەمەلگە ئاشتى قىلغان سوزلىرى.

ئەي ئەزىز رەھبەر يېرىڭدە تىچ يات!
بولماقتا خەلقىڭ بەختىيار ھەم شات!

نىم شېھىت يازدى ساڭا مەرسىيە،
ئالغاچ سىنىڭدىن تەلىم ـ تەربىيە......

1950 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

## مەكتەپ ئىلھامى*

ئوقۇشنى سۆيۈپ چىن قەلبى بىلەن بارچە گۆدەكلەر،
جەمىيەتنىڭ كەلگۈسىگە يارى ـ يۆلەكلەر،
تاڭ ئەرتەكىلىپ مەكتەپ ئىچىدە چەرخى پەلەكلەر،
ھورمەت سىلەرگە ياخشى ئوقۇڭ، ئەي ئالى تىلەكلەر.

* قەشقەر كونىشەھەر 6 ـ مەكتەپكە بېغىشلايمەن. ـــ ئاپتور.

خىرە كوڭلۇمگە ئىلھام نۇرلار سېپىدۇ،
مەيۇس دىلىمنى ۋىسال ياپقاندەك.

نە ئۇچۇن كوپ ۋاقىت كۆلمگەن كوڭۇل،
بۇگۇن ئىختىيارسىز چەكسىز بەك خوشال؟
مۇراتقا يەتمەي سولغان غۇنچە گۇل،
بۇگۇن بېشىغا قىسماقتا نىھال.

يادلاپ ئۇتمۇشنى — بەختسىز كۇنلەرنى،
ھەسرەتلەر چېكىپ، غەملەرگە چومگەن.
بۇلۇت ئارىلاپ ئىقبالغا قاراپ،
ئۇ غەملەرنى تۇپراققا كومگەن.

ياشلىق چاغلىرىم زىبا - غۇنچىدەك،
يوق ئىدى ساقال، يۇزۇمدە قورۇق،
تۇتۇن ئىچىدە ياتقان كونچىدەك،
شۇم زامان قىلغان كوكرەكنى يېرىق.

كورۇپ بويۇمنى، توسقان يولۇمنى،
ھەر بىر دوقمۇشتا مۇھەببەت پايلاپ.
بېرىلگەن ئاڭا تاللاپ تويۇمنى،
گاھى تۇتۇلماي كەتكەن ئاۋايلاپ.

خىزمەت يۇزىدە رازى قىلماق بولساڭ ئېلىڭنى،
مەكتەپ ئىشىغا دائىم بولغىن پايى-پىيادە كلەر.

سىرتىدىن كوردۇم ئالتىنچى ئىكەن مەكتەپ نامى،
جەمىيەتنىڭ سىزلەر بىلەندۇر ياخشى مۇقامى،
ئەسلى ئوقۇشتا تىكلەنگۇسىدۇر ئىلىمنىڭ قىيامى،
گۇللەر ئوسىدۇ ۋاقتىدا سۇغا قانسا چونەكلەر.

نىم شېھىتىڭلار سىزلەرنى كورۇپ كۇلدى دىلىدىن،
ئىلھاملاندى بۇ مەكتەپنىڭ غۇنچە گۇلىدىن،
توھپە ئەتمەك ئۇچۇن ئۇشبۇ قۇرۇق سوز كەلدى قولىدىن،
ئوقۇڭ، ئۇگىنىڭ، تىرىشىڭ، ئىشلەڭ كۇچلۇك بىلەكلەر.

1952-يىلى نويابىر، قەشقەر.

# لەززەت ئالغاندا

يۇرەك بۇگۇن باشقىچە تېپىدۇ،
بىر يوقاتقان ئاجايىپنى تاپقاندەك.

غەمدە، كۆلپەتتە، دەرتتە، زۇلمەتتە.
كوزگە سۇرتەلمەي سويگەن يارىنى.

بەختسىز رەقىپ ئىلكىدە بولغاچ،
ئىنساپقا كەلسە بىرەتتى چاغلاپ.
چىدىيالماي تېخى زەرداپقا تولغاچ،
تاشلايتتى باشقا غەمنى قۇچاغلاپ.

تارتماسقا ئۇنى قانداق چارە بار؟
بولمىسا قىلچە ئەركىنلىك هايات.
يۇرەكتە ئىسپات — داغ پارچىسى بار،
بەختلىك كۆنلەر بولغاچ بىزگە يات.

بىزگە شاتلىقنى "كويىقاپتا" دىگەن،
"يەتتە تىلسىمدىن ئوتسە تاپقىدەك".
سۇمرۇغنى تاپماي، ئوتتۇش تەس ئىكەن،
مەڭگۇ ئېچىلماس تومۇر قاپقىدەك.

بولغان كوپ كىشى بۇ يولدا قۇربان،
ئەسما پەرىنى① چۇشتە كورەلمەي.
كېمە يۇرگۇزگەن كوزدىن ئاققان قان،
زۇلمەت قويىنىدىن چەتكە يۇرەلمەي.

① ئەسما پەرى — پەرىزاتلار شاهىنىڭ قىزى.

ئۇ چاغ مېنىڭ نەق ياشلىق چاغلىرىم،
غۇيۇلداپ ئۆتتى خۇددى باخشىدەك.
ئەمما تېخى باز يۈرەك داغلىرىم،
قەدىرسىز كۈنلەر جىنىنىڭ چۈشىدەك.

كىممۇ قەدىرسىز دىسۇن ياشلىقنى؟
ئايدەك نىگارى تۇرسا قېشىدا.
كىملەر يازالىسۇن قەلەم قاشلىقنى،
زۇلمەت قىلىچى تۇرسا بېشىدا.

دىمەك شۇ چاغنىڭ ئەسرى ئىدىم،
قىلمىغاچ پەلەك ھەرگىز مۇرۇۋۋەت.
بەختسىزلەرنىڭ ۋەكىلى ئىدىم،
چىرمىغان ئۇچۇن ساختا مۇھەببەت.

تېز ئوتتۇپ كەتتى نەۋ باھار كۈنۇم،
كەچكۈزدە قالغان غازاڭغا ئوخشاش.
دالدىدا قالدى سوزۇم ھەم ئۈنۈم،
زەيكەش يەردىكى سازاڭغا ئوخشاش.

ئومرۇم تولىسى ئۆتتى سۈرئەتتە
ھەر كۈندە يىرتىپ كالىنداردىنى.

گوچەتلەر تىككەن تارتىسمۇ خورلۇق،
كېلەر ئەسرىگە ياسايدۇ بوستان.

مەغرۇر "جاناپلار" قاۋاندەك سېمىز،
ياغ ئالغان مەشتەك قوساق سېلىشقان.
بوغاز چوشقىدەك ماڭالمايدۇ تېز،
ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش ئەمەس ھېچ ئاسان.

پەلەك شۇلارنىڭ رايىچە بولغاچ،
ھەر كۈن تۇغاتتى مۇقەددەس ئايى.
ئىچىنقۇسى كوپ خېمىرغا ئوخشاش،
ساڭگىلاپ تۇرغان قانسىز چىرايى.

دائىم شۇلارنىڭ قىلغىنى قىلغان،
ساق كوڭۇللەرنى قىلاتتى يارا.
بوياقچىلارنى قالدۇرۇپ ھەيران،
ئاپپاق چىرايىنى بوياپتتى قارا.

زىدە كوكرەكلەر تاپاتتى غەمخور،
غىچىرلىغاندا "ياريار" هارۋا.
ئىنغىر يۇكلەرنى تارتىشقا مەجبۇر،
بولمىسا ھەمرا، بىرغىنا سارۋا.

مەيۇس كوڭۇللەر، داۋاملىق غەمكىن،
نالە - زارى ھەم بولاتتى ئىسيان.
چۈنكى، بوغاتتى سىياسەت كەسكىن،
ئاھ!..... دىگەنلەرنى رەھىمسىز سىققان.

ئۇلۇغ ئىنسانلار ئاتالغان ئوغرى،
يەنە ھەرقانداق ھاقارەت بەتنام.
تۆپ - تۆز سىزىقتا ماڭسىمۇ توغرى،
ھەر بىر قەدەمدە ئاڭلىغان دەشنام.

ئاڭلىماسىمكىن ياكى خۇدايى،
ئۇلارنىڭ قىلغان ئاھۇ - زارىنى.
مىليونلىغان خەلق بولۇپ پىدايى،
قۇربان ئەيلىگەن يوقۇ - بارىنى.

بۇنداق گەۋدىلەر، قورايدەك ئورۇق،
تىرە يوپيۇشقان سوڭەككە مۇمدەك.
كوزلىرى چوڭقۇر، لەۋلىرى يورۇق،
ئاچ ئىدى ئىشلەپ ھىساپسىز قۇمدەك.

چاچ - ساقال ئاپپاق، ئارزۇ نۇرلۇق،
باسقان يىللىرى سەكسەن ۋە توقسان.

ھوزۇر ئالاتتى تامنىڭ تۈۋىدە،
ئاپتاپ نۇرىنى تاپقاندا ئىسسىپ.

كىملەر ئىدى ئۇ، ھەسرەتلەر چېكىپ،
جېنىنى نانغا تېگىشكەن ئىنسان؟
ئىقبالغا قاراپ كوزىنى تىكىپ،
تەلمۈرگەنلىرى ئاتالغان ئىسيان.

كىم ئۇ، تۇن بويى كىرپىك يۇمالماي،
زالىم پەلەكتىن شىكايەت قىلغان؟
يېتىم تايلاقتەك ئەمچەك تاپالماي،
مۆڭلۈق بوزلاپ يۈرەكنى تىلغان.

كىم ئۇ؟ تىنماستىن چاپسا كەتمەننى،
تويماس قوسىغى تۈزۈك بىر قېتىم.
ھەر بىر دوقمۇشتا كورۇپ دەرتمەننى،
چارە تاپالماي قالاتتىڭ يېتىم.

كىم ئۇ، ياش تۆرۈپ پۈكۈلگەن قەددى،
ھاسا بىلەنمۇ تۈزەلمەس گەۋدە؟
ئاھ!...... دىگەن ھامان تۈكۈلگەن يېشى،
نالە ـ زارىلەر كەتكەن بىھۇدە.

قاراڭغۇ يارغا يوشۇرۇنغان جىندەك،
ئاياللار ئىدى مۇددەتسىز مەھبۇس،
كوزى كور ئادەم تارتقان دۇربۇندەك،
رومال ئىچىدە ئوتەتتى مەيۇس.

بولمىغان ئوخشاش ياشاشقا ھەققى،
ئىلمۇ ـ مەرىپەت بولغان ئىدى يات.
نىسپى يوق دۇنيا بولماي تەرەققى،
يېرىم شىھىتتەك ئوتەتتى ھايات.

ياش بوغۇنلارنىڭ ئومرىمۇ ئىسراپ،
ئالماي قويىنىغا مائارىپ ھەم پەن.
تۇتۇپ ئالالماي بەختىنى ئاسراپ،
بەكمۇ قىينالغان جاھالەتتە تەن.

ئومرىدە ئەسلا كورەلمەي راھەت.
قۇرىماي كەلگەن كوزلىرىدىن نەم.
ھارام قىلىنغاچ بەخت ـ سائادەت،
دۇنيا ئۇلارغا بولغان جەھەننەم.

ھېيت ـ ئايەملەردە ياتقان ئويىدە،
مىراسى مەھرۇمدەك بويىنىنى قىسىپ.

فېودال، زومىگەر ھەم بولاڭچىدىن،
ئېلىپ ھساۋات بەردۇق بىزدەككە.

يەر ئىگىسىدىن ئۇسۇم كېمەيتىپ،
تەۋرىتىپ ئاتتۇق يىلتىزلىرىنى.
يولۇپ تاشلىدۇق كەلمەسكە قايتىپ،
بولۇشۇپ ئالدۇق ئېتىزلىرىنى.

ئېگىلمەس ئەمدى خەلقنىڭ قامتى،
كومپارتىيە بار — ئەلنىڭ پاناھى.
بەختىسىزلەرنىڭ كەلدى ئامتى،
ئەرشكە يەتكەچ يىغلىغان ئاھى.

تەنگە سىغمىدى بۇ چاغدا يۈرەك،
ئەزگۈچى كۆلى كوككە توزغاندا.
ئېچىلمىسۇنمۇ غۇنچە ھەم پورەك،
باھار مەۋسۇمى قىشنى بۇزغاندا.

ئەر - ئايال ئۇخشاش تۇرمۇش پاراۋان،
ئوز ئەركى بىلەن ھەر كىم كەڭتاشا.
"ئەينە. بىبىجىنىڭ!......" دەپ كوزلەر نىگاران،
ئۇلۇغ پارتىيە مىليون يىل ياشا......

بىر مىڭ توققۇز يۈز قىرىق توققۇزدا،
سىنتەبىر ئىدى، قۇياش يورىدى.
قاتتىق زىمىستان، ئىسسىق تومۇزدا،
يىغلىغانلارنىڭ ھالىنى سورىدى.

ئېچىلدى ھاۋا، يوقالدى تۇمان،
يېڭى ھاياتقا كەلدى "بىسمىللا"،
قىسىپ كەشنى لەھەتكە راۋان،
بولدى ئادەمخور بۇزۇق ئىستىللا.

تاڭ ئاتماس تۈنلەر بۇزدى ۋەدىنى،
ئۇپۇق ياقىسى يىرتقاندا سوۋە.
ئېزىلگەن خەلق ئالدى دەردىنى،
توپ ـ توز بولغاندا يىقىلماس دوۋە.

شەرقتىن تۇغۇلۇپ دەرتمەنلەر ماھى،
مىسكىن ئويلەرگە چاچتى نۇرىنى.
"قوزغال! خەلق......" دەپ ئەلنىڭ پاناھى،
جادىگەرلەرنىڭ قازدى گورىنى.

شۇ كۈندىن باشلاپ گومىنداڭچىدىن،
قۇتۇلدۇق شاتلىق ياڭرىدى كوككە......

سەندىن زوقلىنار بۇلبۇللار تىلى،
چۈنكى، ئەركىنلىك بەردى ئىنتىلىشىڭ.

سەندىن جان تاپار ئىمجان يۈرەكلەر،
ئىم شىپەتمۇ ھەم قالماس دالدىدا.
بولۇپ ۋەتەنگە پايى - پىتەكلەر،
يازسام تىلەكنى داھى ئالدىدا.

1953 - يىل مارت، باي.

## بىر دىلبىرىمگە

ئۆلچەپ سىىنىڭ بويۇڭغا،
تون تىكەرمەن تويۇڭغا،
بەكمۇ خۇمار بولدۇمەن،
جانان سىىنىڭ خۇيۇڭغا.

كويۇپ پىشار يۈرىگىم،
سىنى كورمەك تىلىگىم،

سەندىن سۇ ئىچتى تەشنالار دىلى،
تارتمايدۇ خورلۇق ئەزىلى ـ ئەبەت.
سەندىن نان تاپتى دانسىزلار گېلى،
كورمەيدۇ ئاچلىق ئىككىنچى قەۋەت.

سەندىن كۈچ ئالار دىخان بىلىگى،
ئەمگەك ئىتىزدا قايىنغان چاغدا.
سەندىن روھلىنار باغۋەن يۈرىگى،
بۇلبۇل قوشاقلار توقىسا باغدا.

سەندىن رۇسلىنار دۇمچەيگەن تەنلەر،
بولغاچقا يولۇڭ ئەلگە تايانچى.
سەندىن شاتلىنار قىينالغان جانلار،
ئەمدى ھايۋاندەك ئېزىلمەس خاكچى.

سەندىن گۈللىنەر خەلقىم باغلىرى،
چۈنكى، دەۋرىڭدە يېتىشتى سۇغا.
سەندىن مىننەتدار ئۇلكەم تاغلىرى،
چىمەنزار يايلاق، كىيىك ھەم بۇغا.

سەندىن نۇرلىنار شائىرلار دىلى،
چۈنكى، ھەر دەمدە يېتەر ئىلھامىڭ.

بولدۇم ئەجەپ خۇمارى،
نامىڭ قىلدىم تۇمارى،
بىر كورمىسەم يۈزىڭىنى،
بولماس ئۆمرۈم باهارى.

بىر كورگىلى تەلەپكار،
مەستانىلىك ئەمەس ئار،
كۆل يۈزۈڭنى كورۈشكە،
بىر كۈن پەلەك بولۇر يار.

سوراپ بارسام بازارغا،
ئالسام قەلەم يازارغا،
تاكى سىنى كورمىسەم،
بارمىغايمەن مازارغا.

ئۈزدەپ چىقىپ سەنەمنى،
كەزسەم تاغۇ-بەنەمنى،
باقسام خۇمار كوزىگە،
تاشلاپ دىلدىن ئەلەمنى.

مەن ئاشىنا مەن ئۆزۈڭگە،
شىرىن-شىكەر سوزۈڭگە،

خۇش خۇيلۇغۇڭ تەسۋىرلەپ،
يېزىپ تالماس بىلىگىم.

شىر-شىر قىلىپ سۇ ئاقسا،
خەستە كوڭۇلگە ياقسا.
نىمە بولغاي قارا كوز؟
مەجرۇھ كوڭۇلگە ياقسا.

ئاخىر بېرىپ كورەرمەن،
قول ئېلىشىپ يۇرەرمەن،
"بولدۇم ئۇزۇن تەشنا" دەپ،
تا قانغىچە سۆيەرمەن.

پەلەك ماڭا نەزەر سال!
يۇرىگىم ياش ئوزەم چال،
مەجنۇن كەبى بولۇپمەن،
"مەشۇققە تېز خەۋەر سال!".

تۇرغان يېرىم ئىدى تۇن،
بولدى يۇزۇڭ ماڭا كۇن،
"تۇيدۇرماستىن كورەي" دەپ،
چىقارمىغان ئىدىم ئۇن.

سۈيگـۈ ئوتنۇڭ تۇتاشتى،
شۇم بۇيىلار سولاشتى،
پەرۋاز ئۇرۇپ شۇ چاغدا،
بۇلبۇل گۈلـگە ئۇلاشتى.

ۋەتىنىمنىڭ ساماسى،
ھەجەپ خۇش بۇي ھاۋاسى،
زىدە بولغان يۈرەكـنىڭ،
بېيجىڭدا بار داۋاسى.

مېنىڭ دەردىم ئىچىمدە،
سۈيگۈم تۇرار بېيجىڭدە،
نېسىپ بولسا كورەرمەن،
يېقىن پۇرسەت ئىچىندە.

بېيجىڭدا گۈل ئېچىلدى،
بۇيى كېلىپ چېچىلدى،
ئىم شېھىتنىڭ كوڭلىمۇ،
باھار بولۇپ ئېچىلدى.

1953 ـ يىل ئاپرېل، باي.

جاننى پىدا قىلايمەن،
ئىككى قارا كوزۇڭگە.

ئايغا ئوخشاش يۈزلىرىڭ،
دىلغا چىراق كوزلىرىڭ،
مەجرۇھ دىلنى ساقايتتى،
سىنىڭ قىلغان سوزلىرىڭ.

كۇلۇپ باقتىڭ ماڭا سەن،
كورمەي كويدۇم ساڭا مەن.
ھەقىقىتى بار بولسا،
پىدا بولسۇن جانۇ-تەن.

مەن خورلانغان چىغىمدا،
دۇشمەن تۇرغان بىغىمدا،
ئۇچۇپ كەلدى لاچىنىڭ،
ئاسمان پىلەك تىغىمدا.

ناھەقىقەت ئالدىدا،
تۇرار ئىدىم دالىدىدا،
توھپە قىلدىڭ ھاياتلىق،
جان بىرىشىڭ ئالدىدا.

تالنىڭ شېخىدەك مەيىن شامالدا،
يىپەكتەك چاچلار يەلپۈنسە زالدا،
مەنمۇ ئۇيىنسام كەيپى شوق هالدا،
قىلغايمۇ قوبۇل سەرۋازىم ئۇسسۇل.

پەرۋاز ئەيلىسە قۇشلاردەك ئۇچۇپ،
خۇمار كوزلەردە مۇهەببەت قۇچۇپ،
مەستانە دىللار تۇرالماس چوچۇپ،
ئەۋرىشىم تەندە جەۋلانىم ئۇسسۇل.

مەجنۇن تال خىجىل لىتاپىتىڭگە،
نەركەس① چىدالماس قىياپىتىڭگە،
بۇلبۇل تاڭ قالۇر لاياقىتىڭگە،
تاقەت قىلالماس ۋىجدانىم ئۇسسۇل.

ئۇرۇنلىيالماس ھەرقانداق كىشى،
جانغا ئوت سالۇر تەۋرەنسە قېشى،
خەستە دىللارنىڭ توكۇلەر يېشى،
غەمدە، خۇشلۇقتا جەريانىم ئۇسسۇل.

تونۇتتۇڭ بۇگۇن جاھانغا مېنى، ......
يىراق دۇنياغا مېھمانغا مېنى. ......

① نەركەس — گۇل ئىسمى.

# ئۇسسۇل

ئەي مېنىڭ سۆيگەن جانانىم ئۇسسۇل،
قەلبىم ئۆيىگە مېھمانىم ئۇسسۇل،
تەشنا يۈرەكتە ئەرمانىم ئۇسسۇل،
كۆيگەن كۆڭۈلگە دەرمانىم ئۇسسۇل.

سەن ئۇسسۇل مېنىڭ قەدىرلىك دوستۇم،
چۈنكى، سەن بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆستۇم،
سۆيۈنەر كورسە تېنىم ھەم پوستۇم،
ئازات بۇ كۈندە دەۋرانىم ئۇسسۇل.

نەقەدەر لېزىز ھەر يان ئىرغىسا،
بەللەر ئېگىلىپ پۇتلار سىبجىسا،
نازۇك غۇنچىدەك شاخنى تولغىسا،
كوزۇمگە قۇۋۋەت، ئارامىم ئۇسسۇل.

گۈزەل غۇنچىلار نازغىپ ئۈينىسا،
ھەر يان تولغىنىپ غىر-غىر سويلىسا،
قۇرغۇيدەك ئۇچۇپ سەھنە بويلىسا،
باغدا سەنەمدەك سەيلانىم ئۇســـۇل.

ئىنساپ كوزىدە دوستلۇرۇم كورگەن،
ئاۋايلاپ قونغان كىرنى سۈپۈرگەن،
ئاندىن ئۇ سىنى سۇدەك سۇمۇرگەن،
غەربىي زالدىكى ئىسپاتىم ئۇسسۇل.

گۈل بىلەن بۇلبۇل تىپپىشقان كەبى،
ياكى ئانىنى تاپقاندەك سەبى،
ئوخشاش يورىغان كۇنــدۇز ھەم شەبى،
دىسەم ھور بىلەن غىلمانىم ئۇسسۇل.

ئۇسسۇلچى، سىنىڭ ئاۋازىڭ گۈزەل،
يۈزۈڭگە قىلغان پەردازىڭ گۈزەل،
لاچىندەك قىلغان پەرۋازىڭ گۈزەل،
ئالدىڭ سەن مىنىڭ مەيلانىم ئۇسسۇل.

كەيگەن كوينىگىڭ مەشرۇ يىپەكتىن،
خۇش خۇي ئوينىشىڭ ئوتەر يۇرەكتىن،

شۇنىڭچۇن دائىم ھورمەتلەپ سىنى،
كىتاپلار يازاي داستانىم ئۇسسۇل.

ئەزەلدىن مىراس سەن ماڭا جىنىم،
سەن بىلەن يۇغۇرۇلغان تېنىم ھەم قېنىم،
شەرەپتۇر ماڭا سىنى سۆيگۈنۈم،
شىرىن ئىشقىدا پەرھادىم ئۇسسۇل.

ئاندىن بىزلەر بىللە تۇغۇلغان،
قەددى-قامىتىم ئوخشاش قۇرۇلغان،
تۇتقۇن چېغىمدا بىللە بوغۇلغان،
دەرتتە، كۈلپەتتە ھەمرايىم ئۇسسۇل.

ئوتمۇشتە سىنى كوزگە ئىلمايتتى،
ئالەمدە بەلكىم سوزمۇ قىلمايتتى،
ئەمما، ئېسىمدىن زادى چىقمايتتى،
قۇللۇق ھاياتتا ئەسرارىم ئۇسسۇل.

سىنى تىرگۈزدى ماۋزېدۇڭ ئاتا......
ئۇلۇك تەنگە جان قىلغاندەك ئاتا......
ئۇنىڭدىن ئايرىپ قاراشتۇر خاتا،
قەددى سەرۋىدەك شەمشادىم ئۇسسۇل.

# قىيىقچى بوۋاي پىك

(باللادا)

ئەمدىلا باغلاپ ئۇ چال قىيىقنى،
كوزدىن كەچۇرۇپ تۇتقان بىلىقنى.

يىڭىدىن قىرغاققا چىقىپتىكەن ئۇ،
مىلتىق تۇتقان بىرسى تۇرۇپتۇ.

بىشىدا شەپكە، يۇزى ئۇزۇنچاق،
شەپكە قىرىغا تىزىپتۇ مۇنچاق.

ياپما قاپاق ھەم كوۋا بۇرنى،
ئىنچىكە بويىن خۇددى بىر تۇرنى.

توت بۇرجەكلىك بىر كوزى جىرتاق،
كوز ئەينىگى بار بىر كوزىدۇر ساق.

قىيا بېقىشىڭ غۇنچى پورەكتىن،
ئارامىجانىم، گۈلزارىم ئۇسسۇل.

سېنى كورگەندە دىللار ياشنىدى،
شەلا كوزۇڭدىن ئوتلار چاقنىدى،
مەيۈس كوڭۈللەر غەمنى تاشلىدى،
ئۇستۈرەر سېنى ئەۋلادىم ئۇسسۇل.

ئاغزىڭ ئېچىلغان يېڭى غۇنچىدەك،
چىشلىرىڭ خۇددى تىزغان ئۈنچىدەك،
ساڭا تەلمۈرۈپ بولدۇم كۈنچىدەك،
ئىشقىڭدا ئېيتاي گۈليارىم ئۇسسۇل.

نىم شېھەت سېنى يۈرەكتە ساقلار،
قوشاقلار يېزىپ ھەرقاچان ئاقلار،
قەدرىڭنى سېنىڭ دائىما ياقلار،
سەنمۇ ئۈنۈتما دىلدارىم ئۇسسۇل.

1954 - يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

بىر ئۆلكىسىدۇر ئۇنىڭ بۇ تەيۋەن،
شۇندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئەرمەن.

شۇڭلاشقا بۇ يەرگە پاسىبانمەن،
بۇ ئىش بىلەن ئەلگە داستانمەن.

مەغرۇر ئېيتاي: ئەر ئوغلى ئەرمەن،
يۇرتنى ساقلاشتا گوياكى شىرمەن.

— سەن كىم؟ نە ئۈچۈن قورال قولۇڭدا؟
شۇملۇق كۆرۈنۈپ تۇرار يولۇڭدا.

يالغۇز قالغان قاراقچىمۇ سەن!
ياكى جاسۇس ماراقچىمۇ سەن!

كىملەرنى بۇلاپ، بېشىنى كەستىڭ؟
نىمىدۇر بۇندا كېلىشتىن قەستىڭ؟!

ئىسمىڭ نىمىدۇر، سەن راستىنى ئېيت!
يالغاننى قوشۇپ ھېچ قىلمىغىن قەيت!

بۈگۈن بولدۇڭ، بىلگىن ماڭا سەيت[1]،
يوقتۇر قۇتۇلۇش ئۈچۈن ساڭا پەيت.

[1] سەيت — ئوۋدا قولغا چۈشۈرۈلگەن ئولجا.

چوقۇر، قارا ۋە سەپگۈل يۈزلۈك،
تەتۈر پىشانە ھەم ئورا كوزلۇك.

قانسىز چىرايى كىسەككە ئوخشاش،
ئۈركۈپ كەتكەن ئىشەككە ئوخشاش.

تېز - تېز باقىدۇ ئۇ ئارقىسىغا،
دۈربۇندا يەنە دېڭىز ياقىسىغا.

خەنجەر يېنىدا، تىغى پولاتتىن،
— كىمسەن؟ بۇ قەيەر؟ — دىدى توساتتىن.

— پىگدۇر ئىسمىم — دىدى قېيىقچى،
ئاتا كەسپىمدۇر تېخى بېلىقچى.

تەيۋەن يېرىنىڭ دېڭىز بويى بۇ،
شىرىن - شەرۋەت ئىسىل سۇيى بۇ.

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىسىل ماكانىم،
گۈزەل ۋەتىنىم ھەم جانۇ - جانىم.

نامى مەشھۇر جاھانغا جۇڭگو،
شانى - شەرىپى ھاياتى مەڭگو.

ھەيدەپ بارىمەن سېنى ئۈنىڭغا.
تويىسەن قاراقچى شۇم بولغىنىڭغا!

تۇرۇشۇڭدا ئۇزەك بىركاتتا ئەخمەق،
پۇلنى دەپ قىردىڭ كوپ ئەلنى ناھەق.

بىلەلمەي قالدى سوراق بىلەن چال،
ئوزگەرگەن ئىدى بۇ چاغدا ئەھۋال.

يەنە كەلدى كوپ ئۇ ياق-بۇ ياقتىن،
ملتىغى بارلار يېقىن-يىراقتىن.

ھەر بىرى ئاچكوز چىلبورە ئوخشاش،
كوزلىرى چوڭقۇر ئورىغا ئوخشاش.

قورشىۋالدى جياڭ ۋە قېرى چالنى،
بايقىشىپ بۇندا بولغان ئەھۋالنى.

جياڭ جيېشى دىدى سوزۇپ قاپاقنى،
سۇرتۇپ كوزدىكى لەش ۋە چاپاقنى.

— كوممۇنىست ئىكەن، بۇ چالنى تېز تۇت!
بېشىنى ئالغىن، ئويگە قوي ئوت!

سوزلىگىن چاپسان تەتۈر پىشانە!
بۇ يۈرۈشۈڭدە نە دۇر نىشانە؟

يات ئادەمنىڭ تۈرۈلدى تەرى،
كوزدىن ئوت چاقناپ كەلدىلەر قەھرى.

— نىمە ھەققىڭ بار، مەندىن سوراشقا؟
مەندەك كىشىنىڭ يولىن توراشقا؟

مەندۇرمەن سىنىڭ چوڭ پادىشاھىڭ،
سەن بىەدەپنىڭ كوپتۈر گۈنايىڭ.

ئاڭلاپ قوي! ئىتىم ئىرۇر مىنىڭ جياڭ،
پۈتكۈل جۇڭگوغا مەن بىر ۋىيىيۇەنجاڭ.

ئاڭلاپ چال، دىدى: — ئەي زور ھاماقەت!
يالغاننى سوزلەش سەندىكى ئادەت!......

مەرت بار بۇ شەھەردە ئۇنىڭ ئىسمى جياڭ،
ۋىيىيۇەنجاڭ ئەمەس، بەلكى ئۇ، شەنجاڭ.

ئاڭلىسا سىنىڭ بۇ خىل سوزۇڭنى،
شەكسىز ئويىدۇ ئىككى كوزۇڭنى.

مەندىن باشقىسى ھەممىسى نابۇت،
ئايرۇپىلان بولدى خۇددى بىر تاۋۇت.

كوكتە يولۇقۇپ بالا - قازاغا،
گىرىپتار بولدۇم ماتەم - ھازاغا.

ئۇچقۇچ، باشلىق، ھەممىسى ئولگەن،
قانات پۇكۇلگەن، ماتورمۇ كويگەن.

"بەختىم بار" ئۇچۇن قالدىم سالامەت،
بۇ يەرگە كەلسەم، بۇ بىر ئالامەت.

تازىلاش كېرەك بۇ يەرنى تېزدىن،
ئىبرەت ئالسۇن ئۇ، بار زەربىمىزدىن.

يوقىتىلسۇن ھەر گۇمانلىق ئادەم،
يەتكۇرمەس ئۇچۇن بىزلەرگە ماتەم.

تازىلاش ئەتىردى ئالدىغا باسسۇن!
بۇنداق چاللارنى تېز دارغا ئاسسۇن!

چال دىدى: ـــ بىلدىم سەن ئورا كوزنى،
جياڭ جيېشى دىگەن سەت قارا يۇزنى.

كوممۇنىست دىگەن بالايى ـ ئاپەت،
نەگىلا بارسا، يۇقار كاساپەت.

يەردە، هاۋادا، سۇدا يوقتۇر پەرق،
نۇرغۇن كېمىنى ئەيلىدى ئۇ، غەرق.

تىنجىتمىدى ئۇ، هەم سامالىيۇتتا،
كوپ ئايرۇپىلاننى كويدۇردى ئوتتا.

مەن ئايرۇپىلانغا چۈشكەن چېغىمدا،
شاڭخەينى تاشلاپ قاچقان چېغىمدا،

خوپ تەكشۈرگەن مەن هەممە ياقنى،
كىملەر گۇمانلىق ۋە قايسى ساقنى.

كوممۇنىستلاردىن يوق ئىدى هېچ ئىز.
ئاسماننى يېرىپ ئۇچار ئىدىم تېز.

ئوت قويدى شۇ چاغ بىرسى تۇيۇقسىز،
بىلدىم، چارلىشىم ئىكەن تولۇقسىز.

نەگىلا بارماي قۇتۇلمىدىم مەن،
لېكىن، ئۇنىڭغا تۇتۇلمىدىم مەن.

دىدى، كېسلدى، تېنى بىلەن باش،
توكۇلدى قېنى قىزىلگۈل ئوخشاش.

ئاڭلاپ ئىسم شېھىت ئۇ ۋەھشى ھالنى،
تونۇتتى ئەلگە پىدائى چالنى.

1954 ـ يىل نويابىر، باي.

## قىز

نازۇك چىۋەر چاققان قىز،
جانغا ئوتنى ياققان قىز.
كىرپىگىدە ئوينىتىپ،
قىيا كوزدە باققان قىز.

ئۇقتۇرماستىن سىرىنى،
تاشلاپ كوزىنىڭ قىرىنى،
ئۇيالدۇرۇپ پەرىنى،
ناز ئۇيقۇدا ياتقان قىز.

دۇشمەنگە بىرىپ ئىتائەت ئەتكەن،
ئۇر ۋەتىنىگە خىيانەت ئەتكەن.

ئۇز خەلقلىرىنى توپلارغا تۇتقان،
ئادىمگەرچىلىكنى ئەسلى ئۇنۇتقان.

قورقمايمىز بىز ئۇلۇمدىن ئەسلى،
چۈنكى، باتۇردۇر جۈڭگولۇق نەسلى.

بىرىنىڭ ئىزىغا مىڭدۇر تەييار،
ھەممىگە مەلۇم دىلدىكى ئەسرار.

ئۇلسەم ئورنۇمدا قالار ئىزىم بار،
ئەنتىمنى ئالار ئوغۇل ـ قىزىم بار.

بوينۇڭغا سالار ھەم تەۋقى ـ لەنەت،
ئوقۇر نامىڭغا ھەممىسى نەپرەت.

سەندەك بىر خائىن چايان قولىدا،
قۇربان بولدۇممەن ۋەتەن يولىدا.

ئۇلۇغ شەرەپتۇر بۇ خىلدا ئولمەك،
بولدۇم قولۇڭدا تىرىك كومۇلمەك.

كىرپىكلىرىڭ خەنجەردەك،
كويىقاپتىن چىققان قىز.

ئەي رەھىمسىز نادان قىز،
ئىنسانلىقىڭ گۇمان ھىر.
پەرىزاتمۇ ئاناڭ قىز.
كوز ئوقىدا ئاتقان قىز.

باققا بارساڭ، بارارمەن،
ئىشلىرىڭغا يارارمەن.
بىللە ئالما ئۈزەرمەن،
ئالما بىلەن ئاتقان قىز.

كېچە ـ كۈندۈز يىغلىدىم،
يۈرىگىمنى داغلىدىم،
نى دەپ ئۈمىت باغلىدىم،
بۈتتەك بولۇپ قاتقان قىز.

قىز دەپ ئېيتتىم، پەرىسەن،
قوشۇلماقتىن نېرىسەن،
جاللاتلارنىڭ پىرىسەن،
ئاشىقنى ساتقان قىز.

تال چىۋىقتەك بويۇڭغا،
قىرغاۋۇلدەك خۇيۇڭغا،
كۆچۈم يەتمەي تويۇڭغا،
يېشىم سۇدەك ئاققان قىز.

لىۋىڭ لەئلى مارجاندۇر،
قېشىڭ جادى قىيغاندۇر.
ئەسلىڭ بەلكى ئىنساندۇر،
ھورلەر بىلەن تۇققان قىز.

قىلىچ ئوخشاش قېشىڭدىن،
مەن ئايلىناي بېشىڭدىن،
يىراق قىلما قېشىڭدىن،
كۆلۈپ قويۇپ قاچقان قىز.

ماڭا قاراپ قويمايسەن،
ئاينى ئېلىپ ئوينايسەن،
ئەھۋالىمنى سورىمايسەن،
ەرۋايىتلەر تاققان قىز.

سىيا زۇلپۇڭ ئەنبەردەك،
كوزقارىشىڭ شەمشەردەك،

كېچە بىدار، كۈندۈز غەم،
قامىتى ياراشقان قىز.

ھەر باھارنىڭ يازى بار،
يۈز مىڭ تۈمەن نازى بار،
گۈل ۋە بۇلبۇل سازى بار،
ھەممىسىنى يىققان قىز.

باشقىلارنى كۆلدۈرۈپ،
مېنى ئوتتا كويدۈرۈپ،
كۈندە يۈز مىڭ ئۆلتۈرۈپ،
چاقماقتا ئوت چاققان قىز.

رەھمە قىلىپ جېنىمغا،
بىر كەلمىسەڭ يېنىمغا،
زامىن بولۇسەن قېنىمغا،
قونچاقتەك ئويناتقان قىز.

چىدىيالمايمەن كورمىسەم،
كوزۈمگە بىر سۈرمىسەم،
قول ئېلىشىپ يۈرمىسەم،
مىرادىنى تاپقان قىز.

توزمۇ خىجىل نازىڭدىن،
بۇلبۇل غەمدە سازىڭدىن،
گۇل غۇنچىسى ئاغزىڭدىن،
ئەگمە قاشنى ئاتقان قىز.

بەكمۇ كويدۇم سەن قىزغا،
پەرىزاتقا تەڭ قىزغا.
تەڭ ئىشلىسەم ئېتىزغا،
كەھرىۋادەك تارتقان قىز.

قەتلە قىلما داغىڭدىن،
قۇرۇق قويما باغىڭدىن،
خوشال پۇرسەت چاغىڭدىن،
ئاينى كۇنگە چاققان قىز.

ئاينى كورۇپ يىراقتىن،
قىينىلمەن پىراقتىن،
قاراپ قويۇپ نىراقتىن،
قۇرغۇي بولۇپ ئۇچقان قىز.

دەردىڭ ئېشىپ دەمبەدەم،
بولدى جانغا مىڭ ئەلەم،

بىر ئاڭلىسام سوزۇڭنى،
دوستنى ئۇنۇتقان قىز.

مېنى شۇنداق قىينامسەن؟
رەقىپ بىلەن ئوينامسەن؟
ماڭا بويۇن تولغامسەن؟
جاننى دارغا ئاسقان قىز.

چارە يوق بولەك مەندە،
رەھمى بارمۇ ھىچ سەندە؟
قىلما مېنى شەرمەندە،
سۆيگۈدىن ئاداشقان قىز.

كورسەتكىن جامالىڭنى،
سەرۋددەك① نىھالىڭنى
مەگزىڭدىكى خالىڭنى،
يۈرىگىمگە قاققان قىز.

تاك ئاتسا قىلىپ نالە،
چىرايىم سېرىق لالە،

① سەرۋى — باغلاردا تۈپ-تۈز ئۇسىدىغان دەرەخ.

كورسەم كېتمەن ھۇشۇمدىن،
قولغا قونغان قۇشۇمدىن،
سوزلەلمەيمەن چۇشۇمدىن،
ئەقلىم ئېلىپ قاچقان قىز.

كورەلمىسەم ئاشار غەم،
پىكرى ـ يادىم دەر سەنەم،
ئوزەم سەھۇش كوزۇم نەم،
ھوسنى بەكمۇ ئاشقان قىز.

بىر كورستىپ قېشىڭنى،
ئۇنچە تىزغان چىشىڭنى،
چايقاپ قويدۇڭ بېشىڭنى،
مېنى بوزەك تاپقان قىز.

شەرەت بىلەن "كەت!" دەيسەن،
ھالىمغا ھىچ يەتمەيسەن،
خىيالىمدىن كەتمەيسەن،
كىم شۇنداق ئوقۇتقان قىز.

بۇلاق دەيمۇ كوزۇڭنى،
قۇياش دەيمۇ يۇزۇڭنى،

گۈلشەن ئىچرە سەن بىر گۈل،
شېخىڭغا بولاي بۇلبۇل،
ئۆمرۈم بويى بولاي قۇل،
ھەق شۇنداق ياراتقان قىز.

خەلقى ئالەم كۈلىشەر،
بەلكى زاڭلىق قىلىشار،
باشقا كەلسە بىلىشەر،
ئاي چىراي تالاشقان قىز.

"قېرى" دەپ قاراپ قويماي،
بېرى كەل، ماراپ قويماي،
ساقلىم تاراپ قويماي،
قۇتۇلمايسەن چاققان قىز.

قار ئاستىدا قالغان باش،
(چېچىم ئاپپاق، ئۆزەم ياش)،
قىزلارغا ئاتارمەن قاش،
ئىستىگىنى تاپقان قىز.

كۈندۈز دىسەڭ، كۈندىمەن،
كېچە دىسەڭ، تۈندىمەن.

ياشقا تولدى پىياله،
يىشمىدىن ئۇياتقان قىز.

كىچە بولسا بىدارمەن،
ھوسنۇڭگە خېرىدارمەن،
ۋەسلىڭدىن ئۇمىتۋارمەن،
ئىشق ئوتىنى ياققان قىز.

يىنىمدىن ئوتۇپ ھەر يان،
ئەقلىمنى قىلىپ ھەيران،
ئەل ئىچرە قىلىپ ۋەيران،
قىرىغاندا تاپقان قىز.

سەن ئوتسەڭ خىرام① ئەيلەپ،
يىشمىنى راۋان ئەيلەپ.
دۇنيانى هارام ئەيلەپ،
ماڭسام ئاستا قاچقان قىز.

غۇنچە بويلۇق، كۈمۈش تەن،
سوزۇڭ شىكەر، لىۋىڭ قەن،
باغ ئىچرە قىزىل گۇلشەن،
لاچىن كەبى ئۇچقان قىز.

① خىرام — جىلۋە.

كورۇپ ئول كۆن جامالىڭنى ئاجايىپ ياخشى سائەتتە،
مۇھەببەت شەرۋىتىدىن بىر تويۇپ ئىچتىم كورۇپ دىدار.

يەنە كوڭلۇڭ ساداسىن ئاڭلىدىم بولدۇم خۇددى مەجنۇن،
بولۇپ تۇرسا ئىدى كاشكى بۇنداق كورۇشمەك ھەر بار.

ھامان بۇ كۆلكىنىڭ بائىسىن① بىلمەي زارۇ- ھەيرانمەن،
سەنەمنىڭ كۆلكىسىنىڭ تەكتىدە بىلمەيمەن نىمە سىر بار؟

ساڭا جىننىم پىدا قىلغانلىغىمنى بىلگىنىڭدىنمۇ؟
ۋە ياكى سەنمۇ سەيىد بولغانلىغىڭغا بولدۇڭمۇ ئىقرار؟

"تەسەللايىن مۇھەببەت" دەپ كوزۇڭگە ياكى ئىلمامسەن؟
بۇنىڭدەك مۇرۇۋۋەتسىز پىكىر سەندە بولسۇن زىنھار.

سىنىڭ تۇرغان يېرىڭ يادىمغا كەلسە ھەر زامان ئەي گۇل،
بېرىپ سۇيمەي تۇرالمايمەن ئەگەر تۇن بولسا ھەم بىدار.

نىگارىم خاكپايى دەپ كوزۇمگە تۇتىيا قىلدىم،
بويۇم يادەك ئېگىلدى پۇرقىتىڭدىن جان بولۇپ بىمار.

---

① بائىسىن — سەۋەبىن.

نەدە بولساڭ شۇندىمەن،
ئاپىسىدىن قورققان قىز.

ئىم شىھىتنى لال① قىلدىڭ،
قامىتنى دال قىلدىڭ،
ئەسلىدە ئۇۋال قىلدىڭ،
ئىشق بىلەن سىناشقان قىز.

1955 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.

## مۇھەببەت سەۋداسى

ئۆزەمنى چاغلىماي كوڭلۇمنى بەردىم مەن ساڭا ئەي يار،
شىكايەت ئەيلىمەكتە ھەر تەرەپتىن دوست بىلەن ئەغيار.

ساڭا بەرگەن كوڭۇلنى قايتۇرۇپ ئالماق ئەمەس مۇمكىن،
تېخى جىنىم تەسەددۇق، كويگۇنۇمنى ئەيلىدىم ئىزھار.

---

① لال — ھەيران.

باھار ۋاقتىدا سارغايغان چىرايىمدىن ئەجەپلەنمە!
تىۋىپ ئالدىدا زەپىرانىنىڭ سىرىقلىقتىن باھاسى بار.

كامان بولدى ئەلىپ قەددىم تولا ئويلاپ نىگارىمنى،
ساڭا ھەم نىم شىپەت ھەر دەم سەنەمنىڭ ئىشتىياقى بار.

1959 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## چىقسام ناگا ئىشىككە

چىقسام ناگا ئىشىككە،
كورۈندى بىر جانان قىز.
كوزلىرى گوھەر يەڭلىغ،
يۈزى ماھى تابان قىز.

تىكىلىپ قاراپ قالدىم،
بىر نەپەس ئارام ئالدىم،
جىلۋە بىرلەن كوز تاشلاپ،
قىلىپ كەلدى جەۋلان قىز.

ساڭا ئاشپتە[1] بولدۇم بىر كورۇپ ھەم ئەقىلدىن ئازدىم،
مۇھەببەتتىن خەۋەرسىزلەر "ساراڭ!" دەپ ئېيتمىدى بىكار.

گۇمانسىز مەست بولۇر غەرق خىزىر كورسە جامالىڭنى،
ھاسا، جەندە، كۇلا تەسبىھنى تاشلاپ ئەيلىگەي ئىنكار.

سىنى كورسە زىلەيخا ھەم چىقالماس پەردىدىن ھەرگىز،
جامالىڭ بىر كورۇپ قالغاندا يوسۇپمۇ بولۇر بىزار.

پەرىشتە كوڭلىگە تەسكىن بېرەلمەس ئاي يۇزۇڭ كورسە،
سىنىڭ يادىڭدا چول جەننەت تەجرى تەھتىھۇل ئەنھار[2].

مۇھەببەتنى قازانىڭ موللىسى مەخسۇس ساڭا پۇتكەن،
شۇڭا رۇزى ئەزەلدىن مەن مۇھەببەت بىرلەن ھەم ئەسرار.

بۇ يولدا خارۇ-زار بولماق ماڭا بەلكى سائادەتتۇر،
ئىشقى ئەسرىدىن رەنج-مۇشەققەت چەكمىگەن كىم بار؟

جەھەننەم ئاتىشى ئاللاپ پەقەت ئاسىنى كويدۇرمىش،
مۇھەببەت ئۇچقۇنى ئالدىدا ئوخشاش ئاسى بىلەن ئەبرار[3].

[1] ئاشپتە — كويۇپ قېلىش.

[2] تەجرى تەھتىھۇل ئەنھار — يەر تېگىدىكى دەريا.

[3] ئەبرار — دوست.

ئىشق ئوتۇڭدا ئورتىنىپ،
يۈرەك بولدى بەريان① قىز.

"مۇھەببەت" دەپ تۇغۇلدۇم،
پىراقىڭدا بوغۇلدۇم،
كىبرى بىلەن پەرۋاسىز،
يۈردۇڭ خۇلقى شەيتان قىز.

نە بولغاي بېقىپ كۈلسەڭ،
ئىشق شارابىن سۇنساڭ،
ئىلكىڭدىن ئىلىپ ئىچسەم،
يۈرىگىمگە دەرمان قىز.

ئەي، لىۋى قىزىل ياقۇت،
قىلمىغىن مېنى نابۇت.
سەن ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن،
ئىشق ئەھلىگە سۇلتان قىز.

يۈزلىرى قىزىلگۈلدەك،
مېنى قىلدى بۇلبۇلدەك،
قۇلىغىدا نە سىر بار؟
ئاڭلىمايدۇ نالان قىز.

---

① بەريان — كاۋاپ، پارە.

خا...... خا...... قىلىپ ئۇن چىقتى،
ئىككى ياقتىن كۈن چىقتى،
قاشلىرى قەلەم ئوخشاش،
سۇمبۇل چېچى رەيھان قىز.

يېتىپ كەلدى بىر پەستە،
"ياخشىمۇسىز؟" دېدى ئاستا،
سۆزلەلمەي قېتىپ قالدىم،
بولدى ماڭا ھەيران قىز.

لىۋىدە تەبەسسۇم بار،
كۆڭلىدە تەرەھھۇم① بار،
ئەمما كۆزى قىيمايدۇ،
قىلدى مېنى ۋەيران قىز.

ئۇنۇڭراق كۈلۈپ قويدى،
كۆز قىرىنى سېلىپ قويدى،
مۇڭدا نەغمە جان بېرىپ،
قىلدى خەيرى-ئېھسان قىز.

كۆڭلۈمدىكى ئوت چىقتى،
ماڭا ئەگدى، دوت چىقتى،

① تەرەھھۇم — رەھىم قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش.

ھەممىسى لېكىن مەندەك،
بولمىغاندۇ سەرسان قىز.

سىگمەيدۇ يىگەن ئاشىم،
يوق ئۇيدە سۇيۇكداشىم.
كۇندۇز غەمدە، تۇن بىدار،
شەئلا① كوزى چولپان قىز.

لېۋىڭنى دىسەم نەشپۇت،
كوڭلىڭنىڭ ئىكەن مەشۇت،
ئەۋرىشىم بويۇڭغا مەن،
چىرمىشىپ تىلەي جان قىز.

ئومرۇم زارۇ-گىرياندىن②،
كەچتىم مەن ئەزىز جاندىن،
يادلاپ گۇل ئۇزارىڭنى،
مەن كېتەي بايابان قىز.

دۇنيانى قىلىپ روشەن،
چوللەرنى ياساپ گۇلشەن،

① شەئلا — ئۇچقۇن ئوت.
② گىريان — يىغا-زارى.

لەيلى سەنۇ ـ مەجنۇنمەن،
جامالىڭغا مەپتۇنمەن،
ھىجرىڭدا ئېلىپ جاننى،
قىلماسسەنمۇ پۇشمان قىز.

تاھىر بىلەن زوھرەدەك،
ۋامۇق بىلەن ھۇزرادەك،
جىنىمنى پىغان بىرلەن،
قىلاي ئەمدى قۇربان قىز.

قېشىڭنى قىلىپ مىھراپ،
باش قوياي ساڭا يىغلاپ،
"تەلۋە" دەپ نەزەر سالماي،
كېتەرسەنمۇ خەندان قىز.

ھىجرىڭ بىلەن داغلاندىم،
زۇلپۇڭ بىلەن باغلاندىم،
ئەقلىمنى ئېلىپ قاچتىڭ،
كوڭلۇم ئىچرە پىنھان قىز.

قامىتىڭ ئەجەپ زىبا،
كويىمگەن ساڭا كىم بار؟

جان ـ تەندىن ساغا كويدۇم،
چىن دىلدىن سېنى سۆيدۇم،
ئەمدى كوڭۈل بەرمەيمەن،
كەلسە باشقا چەندان قىز......

ئوقۇپ كورسەڭ خېتىمنى،
نىم شېھىت دەر ئېتىمنى،
يىغلاتما مەن يېتىمنى،
مەنمۇ بۇندا مېھمان قىز.

1955 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## بەخت تويى

ئورنىغاچقا ۋەتىنىمدە ھەققانىيەت،
بولدى ئۇلكەمدە رايونلۇق مۇختارىيەت.

ئەركىنلىكتە، تەڭ تۇرمۇشتا ياشاش ئۈچۈن،
كومپارتىيە بەردى بىزگە ئىمكانىيەت.

سەن كەبى بۇ ئالەمگە،
كەلمەس ھورۇ-غىلمان قىز.

چۈشۈڭمۇ بۇزۇلغاندۇ،
يۈرىگىڭمۇ تۈيغاندۇ،
مەقسىدىڭ نىمە زادى؟
باقمايسەن خىرامان قىز.

ساقىلىمنى "چال!" دىسەڭ،
"تۇر! جايىڭدا قال!" دىسەڭ،
بوپايمەن گىرىم بىرلەن،
بولىدۇ سىيادان قىز.

يىرگەنسەڭ خىيالىمدىن،
سەسكەنسەڭ ساقالىمدىن،
ئەردايىمەن مىڭۈت ئۆتمەي،
چارىسى يەڭ ئاسان قىز.

يىگىتلىك ئالاشلىرىمنى،
ياشلاردىن قېلىشلىرىمنى،
يېشىمدىن سوئال قىلماي،
ياق ھالىما يالان قىز.

گۈللىنەيلى چېلىش بىلەن ھەممىمىز بىردەك،
پارتىيىمىز ئىجات ئەتكەن ھورلۇك يولىنى.

ئالغا باسىمىز، تاغلار ئاشىمىز......
كۆتكەن پەللىگە چوقۇم يېتىمىز......

1955 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

# ئالدىدا

رۇخسەت ئەيلەڭلار بۇگۈن سوزلەشكە مەيـدان ئالدىدا،
ئېيتايىن كوڭلۇمدىكى سىرىمنى ۋىجدان ئالدىدا،
بۇلبۇلى شەيدا كەبى باغ ئىچرە رەيھان ئالدىدا،
تەنگە جان سىغماس خوشالمەن خۇددى بوستان ئالدىدا،
ياش يىگىتنىڭ كوڭلى ئوخشاش يارى-جانان ئالدىدا.

سوز بېشىدا داھىمىز ماۋجۇشىغا ھورمەت تىلەي،
كومموۇنىستىك پارتىيە يۇز مىڭ ياشا، دەپ ئورگىلەي،

جان ـ جانىمىز، شەرەپ ـ شانىمىز،
ماۋزېدۇڭ بىزنىڭ ئۇلۇغ داھىمىز.

نۇرلۇق قىزىل بايراق بۈگۈن قولىمىزدا،
يول كورسەتكۈچ ماياك باردۇر يولىمىزدا.

ھەممە مىللەت بىرلىكتە ئەمگەك قىلىمىز،
گۈل ـ چېچەكلەر ئۈندى ھەم ئوڭ ـ سولىمىزدا.

ئالغا باسىمىز، تاغلار ئاشىمىز،
سانائەتلەشكەن دولەت قۇرىمىز.

پولات ئوخشاش چىڭماقتا ئىتتىپاقىمىز،
كۈندەك يورۇق، پارلاق بىزنىڭ ئىقبالىمىز.

بىر نىيەتتە ئەركىن چامداپ قول تۇتۇشۇپ،
چىن باغلاندى ھەممىمىزنىڭ ئىشتىياقىمىز.

ھور ھاياتىمىز، سائادىتىمىز،
يېڭى تۇس ئالدى قىياپىتىمىز.

يۇرۇك دوستلار قىزىتايلى بەخت تويىنى،
قول تۇتۇشۇپ بىردەك ئېيتىپ دوستلۇق كۈيىنى.

قانچە مەرتلەرنى زۇلۇم ئاتىسىدىن ئايرىغان، ـ
قانچە بۇلبۇللار مازاردا "سۈيگۈنۈم" دەپ سايرىغان،
غۇنچىدەك نازۇك بەدەنلەرنى شىخىدىن قايرىغان،
يوق ئىدى ۋىجدانى بارلاردىن بىرەرسى يايرىغان،
خارلىنىپ ياتقان ئەزىز تەنلەر گورۇستان ئالدىدا.

ئېيتىۋەرسەم تۈگىمەيدۇ زۇلۇمىنىڭ مىڭدىن بىرى،
بېشى ئاق ئېيىق ئىدى ئون ئىككى ياش قىزنىڭ ئېرى،
ھوكۇمران ئەجدەر ئىدى جانلاردىن ئۆتكەن نەشتىرى،
شۇم ھوقۇقلۇش ئىلكىدە بولغان قىز، ئوغۇلنىڭ تەقدىرى،
مۇردىدىن ئالۋاڭ تىلەپ قويمايتتى زىندان ئالدىدا.

شۇنداق ئۆتمۈش بېشىمىزدا ئىدى خۇددى سايىدەك،
ئۆيلىگەن ھەر كۈننى يىرتقۇچلار مۇقەددەس ئايىدەك،
شۇم زامان ئەلنى شورايتتى خۇددى ھايۋان مايىدەك،
"ئاھۇ ـ زار"نى ئاڭلار ئىدى خۇددى بىر "ناي ـ ناي"يىدەك،
شۇندا ئازاتلىقتىن خەۋەر كەلدى گۈلۈستان ئالدىدا.

كۈن چىقىشتىن كۈن چىقىپتۇ "باريكاللا!......" دىدى ئەل،
كوممۇنىستلار خەلقنى ئازات قىلغىلى باغلاپتۇ بەل،
بولدى ئارمان ـ ئاززۇيىمىز پارتىيە يولىدا ھەل،
كوتىرىلدى ئۈستىمىزدىن چىقىراپ تۇرغان ئەجەل،
كۈن ئۆزى نۇرىنى چاچتى بىزگە ئاسمان ئالدىدا.

ئىشچى-دېھقان بىرلىگىنى جاندىنمۇ ئارتۇق بىلەي،
دۈشمىنىم قان يىغلىسۇن، خەلقىم بىلەن دائىم كۈلەي،
ئاتىمىز، ئۇستازىمىز داھى قەدىردان ئالدىدا.

نەچچە يۈز يىلدىن بۇ ئۇلكەم باغرىنى زۇلمەت قاپلىغان،
زومىگەرلەر ھەر قەدەمدە دېھقانغا توھمەت چاپلىغان،
قاپقاراڭغۇ زەي، سېسىق زىنداندا جاننى ساقلىغان،
نەگە بارسا جان سىقلىغان، بىر دەم ئامانلىق تاپمىغان،
قانچە "سادىر"، "نوزۇگۇم"لار بولدى قۇربان ئالدىدا.

بوغسىمۇ مۇدھىش زۇلۇم ھېچ توختىماي ئۈستى تىلەك،
"ئاھ! يورۇق تاڭ قايدا؟" دەپ قان كەچتى ھەر كۈچلۈك
بىلەك،

نەچچە "قاينام ئۇركىشى" ئالدى قەلەم ئوتلۇق يۈرەك،
قان ئىچىپ زار قاخشىتىپ كەلگەن ئىدى زالىم پەلەك،
كەتتى زۇلمەت، كەلدى ئازات كۈن بۇ ئىمكان ئالدىدا.

خەلقىمىزنىڭ ئاھۇ-زارى ئەرشتىن ئوتكەن ئىدى،
كاج "پەلەك"نىڭ تەقدىرى ماڭلايغا نەق پۈتكەن ئىدى،
كوڭلىدە خەلقىم تىلەكنى دائىما كۈتكەن ئىدى،
تەندە ھەم كوزلەردە ھەم غەزەپ ئوتى يانغان ئىدى،
"ئاقىۋەت راھەت كېلۇر" دەپ، بىزگە ئىنسان ئالدىدا.

ئەل قاتارى تەڭ ھوقۇقلۇق بولدى ئەمدى خەلقىمىز،
ھەممە مىللەت تەڭ-باراۋەر ئىتتىپاق ساپ قەلبىمىز.
كەمسىتىشلەر يوقىلىپ، پۈتتى ئاداۋەت غەلۋىمىز،
تارتىمىز تاناۋنى چىقسا ئارادىن تەلۋىمىز،
تىلىمەيمىز ئاھ ئۇرۇپ، شەپقەتنى گۈلخان ئالدىدا.

ئالتى يىلدىن بېرى بەردى بىزگە تۈرلۈك تەربىيە،
ھەممنى ئەركىن ياشاتتى خەلق ئازاتلىق ئارمىيە.
شۇ سەۋەپتىن "ياشا!......" دەيمىز كوممۇنىستىك پارتىيە،
"مىڭ ياشا!......"دەپ يەنە ئېيتاي كوممۇنىستىك پارتىيە.
ئەمدى باش قويماس ئېلىم ھەرگىزمۇ شەيتان ئالدىدا.

"ئۇلكىمىز مۇختارىيەت!......"دەپ باشلىۋەتتۇق يېڭى توي،
پارتىيىدىن كەلدى بىزگە بۇ شەرەپلىك ئابروي،
كوتىرىلدى شادۇ-خورامىلىقتىن پەلەككە هاي-هۇي،
ئەل ئامان، ئازات زامان، كۆلدى ۋەتەن بولغاندا توي،
كوپ ئاش ئالغان دىخان ئۇخشاش كۆزدە خامان ئالدىدا.

بەختىياردۇر ئۇلكىمىزنىڭ ھەمدە پارلاق كەلگۈسى،
سوتسىيالىزىمغا بارماقنىڭ بۇ ئاساسي بەلگۈسى،
شانۇ-شەۋكەت، بەخت-سائادەت ئەلئارا تەگشەلگۈسى،
ئەلگە راھەت ھەم سانائەت ئۇلكىدە تىكلەنگۈسى.
تۈرمىغاي خەلقىم گادايدەك تەلمۈرۈپ نان ئالدىدا.

پارتىيىمىز بىزنى ئازات قىلدى زۇلمەت ئىلكىدىن،
قوينى قويچى ئاسرىغاندەك بورى بىلەن تۇلكىدىن،
ئىشچى-دىخان بولدى ئازات فېودالالار مۇلكىدىن،
قىز-ئوغۇللار توختىيالماس شادۇ-خورام كۇلكىدىن،
كوز يېشى قىلماس ئېلىم ئەمدى زىمىستان ئالدىدا.

قىلدى ئولكەمدە زۇلۇمنى يەرگە يەكسان پارتىيە،
سۇنى باشلاپ چولنى قىلدى باغۇ-بوستان پارتىيە،
ھەر قەيەرگە بارسا قىلدى گۇل-گۇلۇستان پارتىيە،
سايرىسا بۇلبۇل ساداسى بولدى داستان پارتىيە،
ھەممە ئىمكان بولدى تەييار ئىشچى-دىخان ئالدىدا.

تۇگىمەيدۇ تەرىپىڭنى قانچە يازسام پارتىيە،
دىل كۇلەر شەنىڭگە مەن سازىمنى چالسام پارتىيە،
ئارزۇيۇم دۇشمىنىڭنىڭ گورىنى قازسام پارتىيە،
قەدىرلىك بولغاي سوزۇم ئۇنۇتانغا يازسام پارتىيە،
خەلقى ئالەم خۇش سۇيەر نامىڭنى داستان ئالدىدا.

بىز ئىدۇق ئەسىر بويى پەننى بىلمەدىن بىخەۋەر،
نەچچە يىللار ئوقۇساق بىلگىنىمىز "پەش، زىر-زەۋەر"،
پارتىيىمىز قايسى چاغ تاپتى ئولكەمدە زەپەر،
بەس، شۇ كۇندىن بىرى بولدۇق مەكتەپ بىرلەن موتەۋەر،
شۇ سەۋەپتىن پارتىيىنى سۇيىمىز جان ئالدىدا.

ئارزۇلارنى قىلغۇر ھەل ئىشچى ـ دىخان غەيرىتى،
ئەلئارا ئاشماقتا ھەر دەم خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتى،
نىم شىھىت ئىبىتتى قوشاق ئۆشبۇ مەيدان ئالدىدا.

1955 ـ يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## مۇھەببەت ئىپادىسى

دىلبەرنى بىر كۆرەي دەپ،
مەن ناتىۋانۇ ـ خەستە.
بىلمەي ئىپتىڭ سوراقلاپ،
يۈردۈم بازارۇ ـ رەستە.

گۈلشەن ئىچىدە ناگاھ،
بۇلبۇلنى قىلىپ ئاگاھ،
گۈل ئاشىغى ئەگەرسەن،
سەۋتىڭنى قىل ئاھىستە.

مەھكۇمى ئەمرى بولدۇم،
گوياكى قەۋرى بولدۇم،

يەڭگىل بولار بەس شۇ چاغدا بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز،
ئىشلىسەك بىردەك ئۆتەر ھىچ قايغۇسىز ياز-قىشىمىز،
ئاتنى ئاتقا، گۇلنى باققا، قوشقا تومۇرنى قوشىمىز،
ۋاقنى ئاسراپ، كوك يۇزىدە قۇشقا ئوخشاش ئۇچىمىز،
قولدا بەشيىللىق پىلان ھوججەت ئىرۇر سان ئالدىدا.

تانا تارتىپ قاتنىغاي تىزدىن تومۇر يولدا تومۇر،
راھەت-ئاسايىشتا ئوتكەي ياشنىغان بىزنىڭ ئومۇر،
كىمىمەس ئۇستۇگدە تون، ئامباردا ئۇن، خاڭدا كومۇر،
بەختىمىز ئىقبالىمىزغا بولدى قانۇن جان تومۇر،
خىزرى تەبىئىمگە مۇناسىپ ئابى ھايۋان① ئالدىدا.

باسىمىز ئالغا قەدەملەپ پارتىيىنىڭ ئىزىدىن،
ئالىمىز كوپلەپ ھوسۇل شۇندا ھەر بىر يېزىدىن،
سۇيۇنەر بوۋاي-مومايلار ئوغلىدىن ھەم قىزىدىن،
كەتكۇسى غەملىك ئالامەت ھەممە ئادەم يۇزىدىن،
بويغا يەتكەن قىزغا ئوخشاش ئويدە مىھمان ئالدىدا.

بۇ پاراغەتلىك ھاياتتۇر پارتىيىنىڭ شەپقىتى،
بىزنى ھورلۇككە چىقارغان ئارمىيىنىڭ ھىممىتى،

---

① ئابى ھايۋان — ھاياتلىق سۇيى.

زۇلپى قاراڭغۇ تۈندەك،
مەڭزى گوياكى كۈندەك،
ئۇل چاچ قاراسى قۇندۇز،
ياقۇت لىۋى جىنەستە.

قىيغاچ قېشى يېڭى ئاي،
مەن كىم؟ بېرىپ يېلىنماي،
مەجنۇن كەبى يۈگۈرسەم،
چول، دەشتۇ، دوك ۋە پەستە.

يىغلايمەن ھىچ يېتەلمەي،
ياكى يىراق كېتەلمەي،
ئەمدى توگە باقايمەن،
مەشرەپ بولۇپ تەكەستە.

مۇمكىنمىدۇر ۋىسالىڭ؟
يە باشقىمۇ خىيالىڭ؟
رەت قىلما نىم شېھىتنى،
تاپتى بۇ يولنى تەستە.

1955 ـ يىل دېكابىر، باي.

جان تەنگە سىغمىدى ھىچ،
بۇلبۇل كەبى قەپەستە.

مەن نەۋ باھار چېغىمدا
غۇنچە ئىدىم بېغىمدا،
ھەيرانۇ-زار پەرىلەر،
ماراپ مېنى ھەۋەستە.

مەن خۇددى گاس كىشىدەك،
نالە ئۇلار ئىشىدەك،
مەغرۇر لاچىنغا ئوخشاش،
بولماس ئىدىم شىكەستە.

باققاندا ئوتمۇشۇمگە،
گايى كىرەر چۈشۈمگە،
رەھىمسىزلىك سازاسى،
مىڭ تووۋا ھەر نەپەستە.

كىيرىلە غەمزە قىلسام،
قاش بىلەن رەمزە① قىلسام.
نازۇ-كەرەشمەلىكلەر،
[illegible]

① رەمزە — ئىشارەت.

[illegible]

"ھەج" سەپىرى چۈشكەچ مېنىڭ دىلىمغا،
مەيۈسلەندىم قاراپ بېقىپ پۇلۇمغا،
كومپارتىيە كېپىل بولدى يولۇمغا،
بۇلۇت ئۈزرە ئۇچقۇنۇمدا سېغىندىم.

ئەل قاتارى بەش مىللەتنىڭ ئىچىندە،
ئالتىنچى ئاي ئايىغىدا بېيجىندە،
ئوتتۇز يەتتە كىشى بىرلىك سېپىندە،
ھەجگە قاراپ يۈرگۈنۇمدە سېغىندىم.

بىزنىڭ يۇرۇش يەردە ئەمەس، بۇلۇتتا،
نەچچە مىڭ گەز يول باسىمىز مىنۇتتا،
بۇيۇك ۋەتەن سەن ئەزىزلەپ ئۇزاتقان —
چاغلىرىڭنى ئەسلىگەندە سېغىندىم.

سەندىن چىقىپ راڭگون دىگەن شەھەردە،
مېھمان بولۇپ توت كۈن تۇردۇق ئۇ يەردە،
كۆتۈپ ئالدى قېرىنداش ئەل بىرمىلىق،
دوست ئەللەرنى كورگۈنۇمدە سېغىندىم.

خوش ئېيتىشىپ ئۇزۇتۇشتى بىرمىلىق،
بىز بارار يەر تاغ - باياۋان خورمىلىق.

# سېغىندىم

سېغىندىممەن، سېغىندىممەن، سېغىندىم،
ۋەتەن سېنى تەشنا بولۇپ سېغىندىم،
مېھرىڭ تولغان يۈرىكىمدە سېغىندىم،
دولقۇنلىغان كوكرىكىمدە سېغىندىم.

ئۇلسەم تېنىم قۇچىغىڭدىن جاي ئالسۇن!
پاك ۋەتىنىم روھىم سەندە شاتلانسۇن!
شۇنىڭ ئۇچۇن، تېزرەك ساڭا يەتسەم دەپ،
تۈن كوز بىلەن كېچە-كۈندۈز سېغىندىم.

بۇ كەمگىچە ئايرىلمىغاچ سېنىڭدىن،
لەززەتلىنىپ شىرىن شەرۋەتلىرىڭدىن،
يولغا چىققاچ قەدرىڭ ئۆتتى جېنىمدىن،
تۇپرىغىڭنى كوزگە سۇرتەي، سېغىندىم.

چېكىسىدە "بەخت مېڭى" تۇمالىق،
نە جان كوردۇم، ۋەتەن سېنى سېغىندىم.

رەستىلەردە قەۋەت ـ قەۋەت بىنالار،
بىر بىرىگە رىقابەتلىك مۇنالار،
نان ئۇچۇن كوپ كۇرەشلەرنى كورگەندە،
مول ھوسۇللۇق ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

توت كۇن تۇرۇپ كەتتۇق، بومباي ئەلۋىدا،
سەككىز سائەت قەدەر ئۇچتۇق ھاۋادا،
بەھرەيىندە① بىز ئېھرام باغلىغاندا،
مېھرىۋانىم ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

سائەت تۇرۇپ يەنە ئۇچتۇق ھاۋاغا،
"لەببەيك" دەپ ھاۋا ئۇزرە ناۋاغا،
يېتىپ كەلدۇق چۇشتىن كېيىن جەددىگە②،
قاقاس چۆلنى كورگۈنۈمدە سېغىندىم.

بىر كۇن تۇرۇپ بەيتۇللاغا جونىدۇق،
شۇ كېچىسى تاۋاپ بىلەن تۈنىدۇق.

① بەھرەيىن ـــ جاي ئىسمى.
② جاي ئىسمى.

بىر كەتسەكمۇ كۆڭۈل قالدى سەن بىلەن،
بەك ئۇتتۇلدى قەدرىڭ ۋەتەن سېغىندىم.

ئۇندىن چىقىپ مىڭ گەز ھاۋا ئۈستىدە،
ئۇچماقتىمىز بەيتۇلھەرەم قەستىدە،
يېتىپ كەلدۇق كالكۇتتىغا كەچقۇرۇن،
ھاۋا بويۇك كەلتۈرگەندە سېغىندىم.

تاڭ مەزگىلى ئۇچتۇق يەنە ئەرتىلەپ،
ئامراق بالاڭ — بىر جۇڭگولۇق ئەركىلەپ،
توت سائەتتە يېتىپ كەلدۇق بومبايغا،
بۇندا ۋەتەن يەنە سېنى سېغىندىم.

بومباي ئىكەن دېڭىز بويى چوڭ شەھەر،
ياشايدىكەن نەچچە يۈز مىڭ ئايال - ئەر،
بوتا كوزلۇك بىرنەچچە مىڭ "راجى" نى —
«سەرگەردان»نى كورگۈنۈمدە سېغىندىم.

ياش غۇنچىلەر كوزلىرىدۇر خۇمالىق،
خۇش پېيىللىك، چىرايى خۇش نۇمالىق①.

① خۇش نۇمالىق — خۇش خۇي كورۇنۇش، ئىسسىق چىراي.

"ھەجرىلئەسۋەت" تاشنى بەۋسە①قىلىشقا،
پۇرسەت بولماي كەلگەن ئىدى بۇ ئىشقا،
ۋەتەن نامىڭ بىلەن ئىمكان تېپىلدى،
ئانا يۇرتۇم يەنە سېنى سېغىندىم.

بەيتۇللانى يۆيۈش ئۈچۈن شاھ كىردى،
بىزدىن بۇرھان شەھىدىنى ئەكىردى،
بۇ ئىش نىسىپ بولمايدىكەن چەتئەلگە،
بىزگە بولدى ھورمىتىڭدىن سېغىندىم.

بۇنىڭ بىلەن بىزنى ئەلگە تونۇتتى،
دوستلار خوشال، دۈشمەنلىرىڭ قان يۇتتى،
كۈن نۇرىنى توسۇش مۇمكىن ئەمەسكەن......
پارلاق نۇرۇڭ ئەسلىگەندە سېغىندىم.

ئۇ، پادىشا قىلدى سوغا يادىكار،
بىردىن سائەت، تاج، رومال، تونمۇ بار،
بىزگە ئەمەس ۋەتەن سېنىڭ شەرىپىڭ،
قوبۇل قىلىپ ئالغىنىمدا سېغىندىم.

مەدىنىگە باردۇق يەنە كوك بىلەن،
يەر تاناۋىن تارتقان كەبى توك بىلەن،

① بەۋسە ـــ تاۋاپ قىلىش، سۆيۈش.

ساپا، مەرۋە، سەيلەرنى① تۇگىتىپ،
چىققىنىمدا جان ۋەتەننى سېغىندىم.

زىيارەتكە كىرىپ تۇردۇق پات - پات،
سەككىز كۈندىن كېيىن كەلدى ئەرىپات،
توت كۈن تۇرۇپ ئەرىپات ھەم مىنادا②،
شەيتانغا تاش ئاتقىنىمدا سېغىندىم.

"دەلىل شاھ"نىڭ قوبۇلغا ئەكىردى،
پادىشا كېيىن زىياپەتكە قىچقىردى،
ماۋجۇشىنى ئامانمۇ دەپ سورىغاندا،
ئىخ!...... ۋەتىنىم قايتا سېنى سېغىندىم.

پادىشانىڭ سارىيىدا ئولتۇرۇپ،
ئويلاپ كوردۇم يۈرىگىمنى تىندۇرۇپ،
بۇ شەرەپنىڭ كىمگە مەنسۇپلۇغىنى،
بايقىغاندا سېنى ۋەتەن سېغىندىم.

بەيتۇللاغا تەكلىپ قىلدى پادىشا،
تاۋاپ قىلدۇق بەيتۇللانى كەڭتاشا،
ئەسكەر توسۇپ كەلتۇرىدى ياشقىنى،
شوھرەت تاپقان ۋەتەن سېنى سېغىندىم.

①② جاي ئىسمى.

نىم شېھىتنىڭ سېغىنىشلىق سالامى،
سېغىنغاندىن باشقا يوقتۇر كالامى،
قىزىلگۈلگە بۇلبۇل شەيدا بولغاندەك،
سەن گۈلۈستان ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

1956 ـ يىل ئاۋغۇست، ئەرەبىستان، تۇرى سىنا.

## ئۇچرىشىش

كېتىپ بېرىپ بازاردا،
كۆزۈم چۈشتى بىر ئىزغا.
ئىزى ماڭا نەكېرەك،
پەرىزاتتەك بىر قىزغا.

قىزمۇ شۇنداق بولامدۇ؟
ئاينى ئايال تۇغامدۇ؟
كۆڭلۈم بېرىپ باغلاندى،
سۈمبۈل چېچى قۇندۇزغا.

زىيارەتنى ئادا قىلىپ قايتقاندا،
باغۇ ـ بوستان تاغلىرىڭنى سېغىندىم.

ۋەتەن ھىسى ھەممە ئادەم دىلىدا،
ئەمدى مەككە مەدىنىگە ئەلۋىدا،
ۋىدالىشىپ مەن ئۇ يەردىن قايتقاندا،
ئەزىز ۋەتەن جانانىمنى سېغىندىم.

ئاۋغۇستقا بىر بولغان كۈنى قوزغالدۇق،
تۈرى سىنا①تەرەپكە بىز يول ئالدۇق.
ھاۋا.ئۇزرە توت سائەتلەپ يول يۈرۈپ،
ۋادى ئەيمەن② چۆشكىنىمدە سېغىندىم.

تۇراركەنمىز بۇندا ئۈچ كۈن ئادەتتە،
كېتەركەنمىز يەتمىش ئىككى سائەتتە،
تۈرى سىنا③ تورى ئىچرە تۇرغاندا،
ئازات ـ ئەركىن ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

بۇندىن يۈرۈپ قاھىرىگە بارارمەن،
سېغىنغاننى يەنە شۇندىن يازارمەن،
پەرزەندىڭنىڭ بويىن شۇندىن ئالارسەن،
تۇرلۇك تۈمەن گۈللىرىڭنى سېغىندىم.

---

①②③ جاي ئىسمى.

تويىنى كومۈپ تاشلايمىز......
ئالما، ئۈزۈم، مېغىزغا......

ئەخلاقىغا خۇش كەلدىم،
جاۋاۋىغا بوش كەلدىم،
ئۆگەنگەچكە ئىشلىمەي،
تەييار كاۋاپ، قىمىزغا.

مېنى كورگەچ بوشۇشۇپ،
كېتىپ قالدى خوشلۇشۇپ،
قاراپ قالدىم ئارقىدىن،
يىپەك كوينەك قىرمىزغا①.

شەرەت بىلەن سوزلەشتۇق،
مەقسەتىنىمۇ كوزلەشتۇق،
ھەيران بولدى كورگەنلەر،
بۇ ئىككى شوق تىلسىزغا.

پەرۋەردىسى ياساشتا
ئايدىن ئوتتى تالاشتا،

① قىرمىز — گۈزەل.

ئىختىيارسىز قىلدىم سوز،
ماڭا قاراڭ، غورۇلاي كوز!......
قىيا بېقىپ بىر كۈلۈپ،
شەرەت قىلدى ئېتىزغا.

لىۋى ئاچتى غۇنچىنى،
قاتار تىزغان ئۈنچىنى،
جادى كىرپىك ياراشقان،
بادام قاپاق مېغىزغا.

— دىخان قىزى مەن — دىدى......
— ئىشلەپ يەيمەن، قەن — دىدى .....
قاراپ قالدىم لال بولۇپ،
قەن چاينىغان ئېغىزغا.

— كويگەن بولساڭ، كەل!...... — دىدى،
— قولغا كەتمەن ئال!...... — دىدى.
سۇ باشلاپ بىز چوللەرنى،
ئايلاندۇرايلى دېڭىزغا.

ئانار پىشار گۈلباغدا،
تويمۇ بولار شۇ چاغدا،

كۆلۈپ چىقتى بۈيۈك داھى باھارنىڭ ئاپتاۋىدەك،
يۈزى نۇرلۇق، ئۆزى خۇش خۇي، چىشى دورى لوئابىدەك①،
قارا كوزلۇك، قەلەم قاشلىق، يۈزى گۈلگۈن گۈلابىدەك②،
"ياشا داھى......" دىگەن سوزلەر يۈرەكتىن بەلكى ۋۇلقاندۇر.

كىلىشكەن قامىتىدۇر، ئورتا بويلۇق ھەممە ئەزاسى،
شىپا بەخشىش يۈرەكلەرگە ئوچۇق ماڭلاي ـ سىماسى،
كوڭۈل مۈلكىنى بەردىم، ئەي زامان ئەھلىنىڭ داناسى،
سىنىڭ بۇ خۇش مۇلاقاتىڭ③ ماڭا جان ئىچرە جاناندۇر.

ياشا!.....يىللار خەلقىنىڭ بەختىچۈن، ئەي مەشئەلى دەۋران،
گۈلى رەنا، ھاياتىم باغىدا مەن بۇلبۇلى خۇش خان،
يېزىپ شەنىڭگە مەدھىيە، قىلالىسام گەرچە بىر داستان،
ساڭا نىسبەت ئېتىلگەندە، ئاران بىر سوزگە ئىنۋاندۇر.

خەلقنىڭ بەختىنى تەمىن ئېتىشنى كوزدە تۇتقانسەن،
خۇسۇسى مەنپەئەتنى ئەۋۋەلۇ ـ ئاخىر ئۇنۇتقانسەن،
ئېزىلگەن بارچە ئەللەرگە ھوقۇقنى تونۇتقانسەن،
شەرەپلىك بۇ مۇقەددەس يول پۈتۈن دۇنياغا شاياندۇر④.

① لوئابىدەك ــ ئىسىل ئۈنچىدەك.
② گۈلابىدەك ــ گۈل سۈيىدەك.
③ مۇلاقات ــ ئۇچرىشىش.
④ شايان ــ ئاشكارا، مەلۇم.

شەرئىتىم يول بەرسە،
قۇل بولسام بىتىمىزغا①.

ئىس شىھىتىنىڭ تىلىگى،
چاك بولسىمۇ يۈرىگى،
بېشىم قويۇپ ياتسامىمەن،
قىز ئورىغان ئېگىزغا.

1956 ـ يىل سېنتەبىر، بېيجىڭ.

## ئۇنتۇلماس 22 ـ دېكابىر

يىگىرمە ئىككى دېكابىردا، كەچ سائەتكە توت ئەردى،
سەنەمگە ۋەسلى بولماققا، خۇش ئىلھام خەۋەر بەردى،
ئۇچۇپ باردىمۇ تېزلىكتە، خۇەيرېنتاڭدا يەر بەردى،
كوڭۇل بۇ دەم مۇقەددەس بۇ ساراي ئىچرە مېھماندۇر.

① بىتىمىز ــ تاتلىق.

پىداكار دەپ يولۇڭدا ئۇمۇر بويى ئىشلىسەم ئەرزىر.
سوزۇم مەقپۇلىغا نامىڭ گۇلۇستان ئىچرە رەيھاندۇر①.

پۇتۇن جۇڭخۇا ئېلىنىڭ رەھبىرى ھەم ئاتىسىن كوردۇم،
دىمەككىم ئالتى يۈز مىليون خەلقىنىڭ داھىسىن كوردۇم،
ئۇزۇن يىللىق تارىخى بار پايتەخت — ئاستانىسىن كوردۇم،
بۇ تەسىرنىڭ سىرى دائىم كوڭۇل ئويىدە پىنھاندۇر.

ئۇمىدى نىم شىھىتنىڭ داھى سىزغان يول بىلەن يۈرسەم،
كارابىمنى كۇرەش قايناملىرىدا بىللە ئۇزدۇرسەم.
پۇتۇن خەلقىم بىلەن ئۇ، سوتسىيالىستىك دەۋرىنى كورسەم،
ئۇنىڭغا ئەرگىشبان كوممۇنىزىم ھەم نامايانىدۇر.

1957 - يىل ئاپرىل، باي.

① رەيھان — پۇراقلىق گىيا.

زۇلۇمنىڭ چاھىدىن① تارتىپ چىقارغان غەمگۇزارىمسەن،
يۇرەك تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا گۇل ئۇزارىمسەن،
بېغىمنى گۇللىتىپ ئازادە قىلغان باغىبانىمسەن،
سېنى كورگەندە خۇددى بۇلبۇل گۇل بىلەن قېنىشقاندۇر.

سېنى كورگەندە، قەلبىم خۇشلۇغىدىن داڭ قېتىپ قالدىم،
هوزۇرىڭغا قۇرۇق كەلگەچ، خىجالەتكە پېتىپ قالدىم،
سېنىڭ يولۇڭدا ئازاتلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ قالدىم،
بۇ يول ھەر بىر كۇرەش مەيدانلىرىدا بىزگە قالقاندۇر.

دىلىمدىن چىقمىغاي ھەرگىز سېنىڭ بۇ خۇش مۇلاقاتىڭ،
ئامان بولسۇن! خەلقىنىڭ يولىدا نامىڭ بىلەن زاتىڭ،
تېنىڭ ساغلام، غۇبارسىز، ياشىسۇنلار ھەممە ئۇۋقاتىڭ،
بۇرۇن بەختى قارا خەلقىنىڭ تۇرمۇشى پاراۋاندۇر.

قۇلاق سال، ئەي بۇيۇك داھى، هوزۇرىڭدا مېنىڭ ئەرزىم،
يولۇڭدا ئىشلىمەك ئەمدى مېنىڭ ئۇستۇمدىكى قەرزىم،
نىچۇنكىم ئىشقا ئاشتى دىلدا بولغان ئەڭ قىين پەرزىم،
غېرىپلەر بەختىگە بۇگۇن ئېچىلغان يېڭى دەۋراندۇر.

سېنى كورگەن كوزۇمگە قانچە مىڭ پەخرى ئەيلىسەم ئەرزىر،
هاياتىمدا ئۇ كۇننى ھەممە ۋاق خاتىرىلىسەم ئەرزىر،

① چاھ — قۇدۇق.

قەپەس رۇجىكىنى چوقۇپ خەستە جان،
تارايتتىم ئۇلۇغ تويغا دەپ كوكۇلۇم.

باش ئەگمەي ھاياتنىڭ ئۇ تەقدىرىگە،
ئۇچار ئىدى يۇقۇرىغا بۇلبۇلۇم.

رەقىپ دۇمبىغىنى، چىلىپ پىرىگە،
يۇرەكنى سوۋۇتماقچى بولدى ئۇلۇم.

لىكىن، قايتمىدىم مەن كۇرەش قوينىدىن،
چىقارماي ئۇزەمنىڭ قولىدىن رولۇم.

كۇرەشتە چايانىنى ئۇزۇپ بوينىدىن،
بوسۇپ چىقتى مەيدان ئارا دۇلدۇلۇم.

ھاياتنىڭ بۇ ئۇتمۇش كىچىك پارچىسى،
ئۇمۇر تارىخىمدىن دىمەك بىر بولۇم.

تۇزۇپ پۇتتى مۇدھىش تۇمان پارچىسى،
تۇتۇپ كوممۇنىستنىڭ قولىنى قولۇم.

ئۇلۇمنىڭمۇ ئەندىشىسى ئەمدى يات،
ياشار شىرلاردىن قۇرۇلغان ئۇلۇم.

# ئېچىلغاي گۈلۈم

يېرىم ئەسىردىن ئۆتتى ئۆمرۈم مېنىڭ،
تارتتىم ھېساپسىز جاپا، جەۋرى، زۇلۇم.

رەقىپ ئىلكىدە ئەردى باغىم مېنىڭ،
ئۈزاتسام ئانارىغا يەتمەيـتتى قولۇم.

ئاسارەت چېكىنى بوسۇپ تارقىتىپ،
يورۇقلۇققا چىقماق ئىدى مەشغۇلۇم.

بۇلۇت ئۈستىدە مەڭگۈ نۇر چېچىپ،
كەڭتاشا ھاياتـقا چالاي مەرغۇلۇم.

بىراق، دەۋر ئەپسىز كېلىپ ھەرقاچان،
ھامان پەردىدە ئىدى بۇك ھەم سولۇم،

## سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇرىمىز

سالام يوللايمىز ئۇلۇغ داھىغا،
ھەر مىللەتنىڭ ئازات خەلقىدىن.
دەۋرىمىز باھارى باشلىنىپ بۈگۈن،
خەۋەرلەر بەردىڭ پارلاق ئەتىدىن.

نۇرلانماقتا ئەل بەش يىللىق بىلەن،
چۈنكى، بەختىنىڭ كاپالىتى ئۇ.
سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇرىمىز،
كېلىچىگىمىزنىڭ سائادىتى ئۇ.

دولقۇنلاپ كەتتى ئېلىمىزدە،
كوپىراتسىيىدە دېخانلىرىمىز.
تىزىلدى سەپكە، قېلىشماي يەككە،
ئەمگەكچى قىز ۋە ئوغلانلىرىمىز.

ييزىلغان ۋاراق ئۈستىدە بۇ هايات،
ييشىلگەن ئۈچۈن باشتىكى مۈشكۈلۈم.

ئۆزەم ئۈمچى ئوغلى بولغان ئۈچۈن،
بولۇپ قالدى كەڭرەك بۇ يەردە سولۇم.

بۈرۈنقى زامان ئەمدى بولغاچ يوچۈن،
ياشالماس ھىساۋىمغا چاشقان تۈلۈم.

يىمەڭ نىم شىھىت گەر ئۆلۈپ كەتسە غەم،
ياشار سىز بىلەن مەڭگۈ تۇتقان يولۇم.

ئۇلۇغ كوممۇنىزىم باھارىدا ھەم،
شىھىتنىڭ قىنىدەك ئېچىلغاي گۈلۈم.

1957 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

ئۇلۇغ ئىشلاردىن ئىلھاملانغاچقا،
ئەۋج ئالدى بىزدە يېڭىچە بىر ئوي.

چىن قەلبىمىزدىن بىزنىڭ ۋەدىمىز:
پارتىيە يولىدا ئالغا باسىمىز.
بەشيىللىقلارنى ئاشۇرۇپ ئىشلەپ،
سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇرىمىز.

1956 ـ يىل 6 ـ ئاي، باي.

# تۆمۈر يورغا

ـ شىنجياڭغا تۆمۈريول كەلگەنلىگىگە بېغىشلايمەن.

خۇش خەۋەرگە قۇلاق سېلىڭ شىنجياڭ ئېلى،
ئەمدى بىزدە يورغىلايدۇ تۆمۈر يورغا.
دەريا ـ چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ توسالغۇسىز،
تاغ يولۇقسا باغرىن تېشەر پولات بۇرغا.

بۇ ھالنىكورۇپ ياتالمىدى جىم،
سانائەتچىلەر چەتتە قالماستىن،
تۇرلۇك ھۇنەرۋەن، سودىگەرلەرمۇ،
تۇرالماي قالدى، قەدەم قويماستىن.

شەرەپ دەپ بىلدى پارتىيىمىزنىڭ،
ئالغا باشلىغان نۇرلۇق يولىنى.
بۇ يولدا پەقەت ئۇدۇل ماڭىمىز،
پارتىيىمىزنىڭ تۇتۇپ تۇغىنى.

ھەل بولۇپ چىقتى بۇگۇن مەيدانغا،
ئۇزاقتىن كۇتكەن تىلەكلىرىمىز.
ئۇلۇغ پارتىيە يولۇڭدا ھەر دەم،
ئىشلەپ كۆچ ئالار بىلەكلىرىمىز.

سوتسيالىستىك ۋەتەن قۇرۇشقا،
دادىللىق بىلەن قويدۇق بىز قەدەم،
بۇ كەڭ ئىقبالنى كورەلمىگەنلەر،
ھىچقاچان بىزدە ئالالمايدۇ دەم.

شانلىق بۇ يولغا ماڭغاچقا بىزلەر،
داغدۇغىلىق باشلىۋەتتۇق توي.

ئىستىقبالغا چىقىش ئۈچۈن سەپداشلىرىم،
ئەمگەكچىلەر نەغمىسىگە سازىڭنى تۈز.

پويىز دىمەك — ئوزۇغى ئوت تۆمۈر كالا،
بوزۇقلارنىڭ كۆڭلى ئوخشاش ئەمەس ئالا.
تېلىقمايدۇ، چارچىمايدۇ، ئۇ ھېچقاچان،
توختىتالماس ھەرقانچە قار، يامغۇر، بالا.

ئەجەپ گۈزەل ياسالغان ئۆي — ۋاگون دىمەك،
جاھازلانغان ئۇ ئۆي ئىچرە ھەرنە كېرەك.
شەھەردىكى ئۆيدىن ئايرىم تۇرار يېرى،
پەقەت ئۇنىڭ تېگىدە بار توت غەلدىرەك.

ئۈرۈمچىدە پىيالەڭگە چاينى قۇيساڭ،
داۋالغۇماس لەنجۇغىچە بېرىپ ئىچسەڭ.
شۇنداق راھەت، شۇنداق تىنىچ ئۇنىڭ ئىچى،
يازدا سورۇن، قىشتا ئىسسىق، ئۇندا يۈرسەڭ.

بۇرۇن بىزلەر ھارۋا بىلەن يول يۈرەتتۇق،
ھەر مىنۇتتا گور ئازاۋىن مىڭ كورەتتۇق.
ئۈرۈمچىدىن لەنجۇغىچە سەپەر قىلساق،
ئاز دىگەندە ئۈچ ئايغىچە يول يۈرەتتۇق.

بۇرغام ئۇچۇن يول باشلايدۇ تومۇريولــچى،
ئىشلىشىدۇ بولۇش ئۇچۇن ئىلغار ــ سولچى.
بارلىقىنى پارتىيىگە بېغىشلايدۇ،
يەنچىپ تاشلار توسقۇنــلانى ئۇلۇغ رولچى.

يېتىپ كەلسە تومۇر يورغام تاقۇر-تۇقۇر،
كېچە-كۈندۈز يۈرىۋېــرەر، ئەمەس سوقۇر.
قاتار ئۆيلەر تىزىلىپ ماڭسا پولات ئىزدا.
خەلقىم كورۇپ، تۇمەن مىڭلاپ رەخمەت ئوقۇر.

بۇندىن كېيىن پاراغەتتە يول يۈرىــمىز،
خۇددى ئۆيدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىمىز.
ئۇنىڭ ئىچى كېچە-كۈندۈز ئوخشاش يورۇق،
ئوقۇپ، يېزىپ، خاتىرىنى تولدۇرــىمىز.

تومۇر يورغام يولغا چىقــسا قاتار-قاتار،
ھەر ۋاگۇندا راھەتلىنىپ كارۋان ياتار.
ئاتىلارنىڭ "يول ئازاۋى ــ گور ئازاۋى"
دىگەن سوزى ئەمدى تەھقىق يەرگە پاتار.

بىر بازارنى سورەپ بارار بىر پاراۋۇز،
دىلنى ئەسىر قىلغان ئوخــشاش بىر قارا كوز،

# ئايدىڭ كېچە

ئايدىڭ كېچە، ئۇچۇق يەرنىڭ قارا-ئېقى،
پاختىزارلىق ئىدى يولنىڭ ئىككى يېقى.

بۇ يول بىلەن مېڭىش ئۇچۇن مەجبۇر قىلغان،
بىر توپ قىزنىڭ شوق-شوق ئېيتقان ناخشا-خۇلقى.

مېنىڭ ھەيران بولغىنىمدىن مەززە قىلىپ،
كۈلۈمسىرەپ ئاتتى بىرسى چىلان قېقى.

خۇددى شۇ تاپ يۈرىكىمگە چۈشتى بىر ئوت،
چۈنكى، ئاشۇ چىلان بولدى ئىشقى ئوقى.

كۈلگەن ئىدى ئۇ قىز شۇ چاغ تۇن كېچىدە،
قاراڭغۇنى يېرىپ كەتتى يورۇقلىقى.

ماشىنىلار ئازاتلىقتىن بوُيان كوپلەپ،
قىسقارتىشقان ئۇن كوُنلوُكىنى بىرگە دەسلەپ.
ئەمدى پويىز يوُزنى بىرگە قىسقارتىدوُ،
بىشىك قاتماس ئوُزوُن-قىسقا يولنى ئەسلەپ.

"قانداق كەلدى؟......" بىلىش ئوُچوُن قىلساڭ ھەۋەس،
پارتىيىنى يادىڭغا ئال! كوُپايە، بەس.
"كومپارتىيە تىرىككە جان. نامىسىزغا نام
ئاتا قىلدى" دىگەن ناخشا بىكار ئەمەس.

پويىز دىمەك — نىم شىھىتىنىڭ گوُلئوُزارى،
يوُرىگىنىڭ چوڭقوُرىدىن سوُيەر يارى.
قەدىردانىم كومپارتىيە ئىلىپ كەلگەن،
مەڭگوُ سولماس ئىلىمىزنىڭ بوُ باھارى......

1959 ـ يىل ئىيوُل، باي.

# تارىم قىزى

— ئاقسۇ دېخانچىلىق 1 - دىۋىزىيە تارىم 2 - باش مەيدانىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى شاۋ لەيپۇغا بېغىشلايمەن.

ئەقلىمنى ئېلىپ قالدى بىر ماهى① پەرى - پەيكەر②،
گۇل يۈزلۈك، قارا كوزلۈك، چاچى بېشىدا چەمبەر.

چاچىنى ئەگەر يايسا كۈندۈز - كېچىگە تەبدىل③،
رۇخسارىنى كورسەتسە كۈنىمۇ بىكار ئەيلەر.

كوز تاشلىسا زۇلمەتكە شەكسىز ئۇ، مۇنەۋۋەردۇر،
مەستانە يۈرەكلەرگە كىرپىكلىرىدۇر خەنجەر.

---

① ماهى — ماه — ئاي.
② پەرى - پەيكەر — پەرىدەك.
③ تەبدىل — ئۆزگىرىدۇ.

بۇنداق قىزنى بۇرۇن ئايىغا ئوخشىتاتتىم،
يەتمەيدىكەن ئاڭا ئاينىڭ نۇرلۇقلىقى.

كېچىر سۆيگۈم، ئەمدى ئايغا ئوخشاتمايمەن،
تەڭ كېلەلمەس ساڭا ئاينىڭ بارى-يوقى.

سىزىشىسمۇ قانچە ماھىر — ئۇستا رەسسام،
ئۇستۇن تۇرار سۆيگۈنۈمنىڭ زىبا تۇرقى.

قاتار-قاتار ئاسقان نۇرلۇق مىداللىرىدىن،
كورۇنىدۇ تالايلاردىن ئارتۇقلىقى.

ئەمگەكچى دەپ نامى باردۇر ئۇنىڭ بىلسەڭ،
ئەينە شۇدۇر مېنى تارتقان ئۇلۇغلىقى.

ئۇلگە بولغاچ ئەمگەك سۆيەر قىز-يىگىتكە،
ئەل ئىچىدە شۇنچە كۈچلۈك تونۇشلىقى.

نىم شېھىتنى قېرىنداندا ئاشىق قىلغان،
گىرىپ كويىنەك كىيگەن قىزنىڭ ئىشچانلىقى.

1961-يىل ئىيۇن، باي.

قولىنى قىمىرلاتسا، جانلارغا هايات بەخشى،
هەر بىر قەدەم ئىزىدىن ۋەيرانىمۇ هەم گۈللەر.

سۇ تامچىسى كورمەي تەشنا ياتقان چوللۈكتە،
زىبانىڭ تۇپەيلىدىن تولدى ئۇستەڭدىن كوللەر.

ئومرىدە زىرائەتنى كوزى كورمىگەن قۇملۇق،
سەنەمنىڭ قولى بىرلەن بوستان بولدى هەم چوللەر.

كوزۇم چۇشتى زىبانىڭ هوسنىگە ئىتىزلىقتا،
سۇرەتتە ئوماق بىر قىز ئەمگەكتە باهادىر ئەر.

نامىنى دىدى سورىسام:
— تارىم قىزى شاۋ لەيپۇ،
هەر بىر هەركەت سوزىدە ئوزىنى تۇتار كەمتەر.

باشقۇرغان قوناق ئورنى ئىككى يۈزدە يەتمىش مۇ،
مىڭ جىڭدىن هوسۇلغا دەپ، مولچەرلەپتۇ ئون مۇ يەر.

تېرىغان قوناق هازىر بىر مېتىردىن ئىگىزرەك،
سىڭدۇرگەچكە ئەمگەكنى بايراقدار ئىكەن دىلبەر.

غۇنچە لىۋى تەۋرەنسە بىر ئىشقا تەبەسسۇمدىن،
گۇل بىرلەن تولۇپ دۇنيا ھىدىنى چاچار ئەنبەر①.

ئۇنچە چىشىنى كورسەڭ مەرۋايىت تىزىلغاندەك،
ئاقلىقتا ئاتالغانغا خىجىللىقتا قار تەرلەر.

نىمىشقا؟ دىبان بۇدرە چاچىغا سوئال قويسا،
ھەر ھالقا كەمەندىدە② دىللارنى شىكار ئەيلەر.

لالە شىخىدەك نازۇك بويىنى كورەر بولسا،
ئىنسانمۇ، پەرىزاتمۇ، ھورلەرمۇ بولۇر يەكسەر③.

كوز تاشلىسا كوكسىگە، مەستانە بولۇر خىزرى،
مەيخانە گادايىدەك جانىنى نىسار④ ئەيلەر.

گۇللەر توكۇلۇر كۇلسە، بۇلبۇلمۇ قالار ھەيران،
قىممەتتە ئەگەر بىلسەڭ ھەر بىر سوزى بىر گوھەر.

---

① ئەنبەر — بىر خىل خۇش بۇي گىيا.
② كەمەندىدە — سالغۇ، سالما — سىرتماق.
③ يەكسەر — باراۋەر، ھوشسىز.
④ نىسار — بىرىش، بېغىشلاش.

گەر ھەۋەس قىلساڭ كورۈشنى ئورنىدۇر سايۋاغ رايون،
مۇمكىن ئەمەس كوز بىلەن كورگەندە سۇنماسقا بويۇن.

ئۇچ يۇرۇشلۇك بۇ بىنا ئالدى شەرققە باقىدۇ،
كورگىلى ھەر كۇندە، ئادەملەر دىڭىزدەك ئاقىدۇ.

بىر كورەي دەپ، مەنمۇ باردىم ئەل قاتارى سەپ بولۇپ،
كورمىسەم ھەسرەتتە قالماقچى ئىكەنمەن دەرت بولۇپ.

ئالدىدا دەرۋازا ئورنىدا قاتارى توت مۇنا،
ئۇندىن ئۇتسەڭ گۇمبىزى ئالتۇن سىرىق ئالى بىنا.

ھەر ئۇتۇق ئىجادىيەتلەر بولسا ئۇن يىلدىن بۇيان،
ئۇز رىتى بىرلەن بولۇملەرگە ھەم تىزىپ قىپتۇ ئايان.

ھەر بولۇمگە كىرسە بار بىردىن پەرىزات قىزلىرى،
ئۇزى گۇلدۇر، سوزى بۇلبۇل، خۇددى ئاتەش كوزلىرى.

كورستىپ تونۇشتۇرار ھەر نەرسىنى باشتىن - ئاياق،
چارچىماستىن سوزلىگەي قولىدا كورسەتكۇچ تاياق.

تىلى سوزدە، قولى ئىشتا، كوزى ئەلدە، تىز قەدەم،
تاكى سائەت توشمىغۇنچە بىر مىنۇت ئالمايدۇ دەم.

ھەممىگە بېرىپ ئىلھام، كوممۇنىستىك پارتىيە،
يېتىشتۇردى كۆپلىگەن سەن كەبى قىزىل ئەسكەر.

شوھرىتىڭنى ئەتراپقا تارقىتىشقا ۋەدەم بار،
ئۇلغارلىق تەرىپىڭنى ئۇگەنسۇن ئوغۇل - قىزلەر.

قۇرۇق قول كېلىپ قالغاچ، نىم شېھىت خىجالەتتە،
تەرىپىڭگە تەڭ كەلمەس، يازساممۇ نەچچە دەپتەر.

1960 - يىل ئىيۇل، تارىم

# كورگەزمىدىن خاتىرە

— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1960 - يىلدىكى مەھسۇلات نەمۇنىلىرىدىن كورستىلگەن كورگەزمە خاتىرىسىدىن.

مەن بېرىپ كوردۇم ئۇرۇمچى شەھرىدە كورگەزمىنى،
يۇزدە بىر تەسىرى ھەققىدە يازاي بۇ نەزمىنى.

تاشقا ئوخشاش تۇرسا ئەينەك پارچە قاتتىق پاقىراپ،
كوزى بىرلەن كورىمگەن ئاسان قىلالماس ئىتىراپ.

نۇرىنى چاچقان ئۇچۇنمۇ پارتىيە باش لوشيەنى،
كۇنمۇ ـ كۇن ئاشتى زىيادە دىلىمىزنىڭ روشنى.

كورستىڭ جانىم بۇ ئىشنى ئىشلىگەن كىم؟ قايسى قول؟
تاشۇ ـ تۇپراقتىن ئىچىلدۇرغان پۇراقلىق ياخشى گۇل!......

* * *

ئىشچى يولداشلار ياساپتۇ بىر ئاجايىپ يىڭى ئىش،
بىر قىلىپتا بىر قىتىمدا چىقىرىپتۇ ئون يەتتە خىش.

دەۋردىمىزدە بۇ ئاجايىپ كەشپىياتتۇر يىڭىلىق،
بىزلەردە بولغان ئەمەس بۇندىن بۇرۇن بۇنداق قىلىق.

باسسا بىرسىنى چۇشەر ئون يەتتە خىش يەرگە بىراق،
تىگىدە توت چاقى بار مەيدانغا لاي بولماس يىراق.

قايسى ئىشچى ئويلىغان ھەم ئىشلىگەن ئىجادىيەت،
سوتسىيالىزىم قۇرۇش دەۋرىدە پاك ۋىجدان نىيەت.

پەھمى بىرلەن بىر قىتىم ئون يەتتىنى قويغان خىشچىنىڭ،
"باركاللا!......" ئەيرىتىگە ئاق كوڭۇللۇك ئىشچىنىڭ.

سورىساگمۇ ئۇن قېتىم زېرىكمەي بېرەر جاۋاپ،
تا قانائەت قىلمىغۇنچە ھەرگىز تۇرمايدۇ قاراپ.

خىمىيە بولۇمىگە كىرسەڭ بار ئاجايىپ كەشپىيات،
ئوقۇماي ئۆتكەن كونۇڭگە ئېيتسەن مىڭ پەندىيات.

ئېتىۋارسىز تۇرلۇك تاشتىن چىقىرىپتۇ تۇرلى ماي،
تەجرىبە قىپتۇ ياغاچ، چوپ، تاشكومۇرنى تاشلىماي.

ئويلىنىپ: "ئىسىل تاۋار ئىشلەپ چىقىشقا نى كېرەك؟......"
چىقىرىپتۇ نەچچە خىل ئاددى ياغاچلاردىن يىپەك.

ئايرىماق قاتتىق ياغاچلاردىن بۇ كەبى مەشۇتنى① تەس،
ماھىيەتتە ئىككى مەشۇت مەنبەئى بىر خىل ئەمەس......

ئايرىغان بىلىم بىلەن تېخنىك، سانائەت قوشۇنى،
يار-يولەك بولغان ئۇچۇندۇر پارتىيە باش لۇشىيەنى.

يىپ ياساپتۇ پىللە ئوخشاش تاش كەبى ئەينەكنى ھەم،
توقۇغان رەختتىن كىيىم، كىيسۇن ئۇچۇن زىبا سەنەم.

---

① مەشۇت ـــ يىپەك.

بۇ بالانىڭ دەپنىگە① تەييار ئىكەن ھەرنە كېرەك،
خىمىيۋى تۈرلۈك دورا بىلەن توپ-زەمبىرەك.

جەڭگە ئوخشاش توپ ئېتىپ تارمار قىلىشقا تولىنى،
دورا بىلەن ئىسسىتىپ چۆشمەكچى بولغان يولىنى.

بۇ ياۋۇزنى پايدىلىق يامغۇرغا ئۆزگەرتەر ئىكەن،
ياكى ئۇششاق قار قىلىپ كوكتە توزۇتار ئىكەن.

كىم بۇنىڭدەك ئىشنى ئادەملەر قىلار دەپ ئويلىغان،
ئەكسىچە "تەقدىر" بۇنىڭغا چارە يوق، دەپ كۈيلىغان.

*  *  *

ئەمدى قاتناش بولۇمىگە بىز قەدەم قويدۇق يۈرۈپ،
خاتىرەمگە ئازغىنا ئالغاننى ئېيتاي مەن كورۇپ.

رەسمىي پويىزدەك ياساپتۇ ئۇششاق-ئۇششاق كوپ ۋاگون،
بىرىنى بىرىسگە چېتىپ يولغا تىزىپ بەرگەن ئورۇن.

ماڭغۇزۇپتۇ بۇ پويىزنى گاڭ-پولاتتىن يول ياساپ،
توك ئاڭا قۇۋۋەت بېرەر، پاراۋۇزغا ئوخشاش بىھساپ.

مېڭىشى ھەم توختىشى، ئىككىنچى يولغا چىقىشى،
ھەمدە ئاۋازى پەقەت پويىز ئۆزىدۇر ئېقىشى.

---

① دەپنى — يوقاتماق، ئۆزگەرتمەك، مۇداپىە قىلماق.

قىلمىغان بۇنداق ھۇنەرنى قۇدرەتتى پەرۋەردىگار،
بەلكى تاپتى ئەقلى بىرلەن ئىشچى نامىلىق بىر نىگار.

* * *

يەنە بىر بولۇم خەۋەر بەرگەي ھاۋا رايىغا خاس،
ئەمىلىيەتتە كورۇلدى ئالدىن ئېيتقان سوزى راس.

بەرگەن ئاخباراتى ئۇن كۈنلۈك ھاۋادىن ئىلگىرى،
توغرا بوپ چىققان ئۇچۇن ھىچكىمنى قىلماس دىلگىرى.

بۇنى قانداق بىلگىنىنى زوققا تولغان بىر يىگىت،
بىزگە سوزلەپ بەردى ئېنىق كورسىتىپ ھەر بىر چىكىت.

ئېيتىپ باقچۇ؟ ئەي يىگىت، سەن نىمە؟ ئىنسانمۇ سەن؟!......
ياكى غايىپنى بىلۇچى "خىزىر"مۇ سەن؟ "شەيتان"مۇ سەن؟

شۇنچە قابىل كىم سېنى دانا قىلىپ ئوستۇردى؟ ئېيت!
قايسى گۈلزارلىق ئىچىدىن ئەيلىدىڭ بۇ پەننى سەيت①.

ئاسماندىن بولسا ياغماقچى ئىكىنزارغا تولا②،
قايسى چاغدا نەگە ھەم بايقار ئىكەن ئالدىنالا.

① سەيت — ئولجا، غەنىمەت، بۇ يەردە ئىگەللەش مەنىسىدە.
② تولا — مولدۇر.

توختىتىپتۇ نەچچە تۈپ بوغدايىنى يىلتىزىدىن يوقۇپ
شاتلىنىپ كەتتىم كورۇپ قەلبىمدە ئىلهامىم تولۇپ.

ئوسۇپتۇ بىر تۈپتە بوغداي، ئىككى بوز تاقىمىش شىخى،
ھەممىسى ئوخشاش ئوسۇپتۇ، بېشىمۇ توقتاش تېخى.

بۇنى شاھىياردىن ئەكەلگەننى بىزنىڭتۇ يېتىشغا،
يەتمىسۇن ھەرگىز ئەلەم بۇنداق دىخانلارنىڭ جېنىغا.

## شاھىيار دىخقانلىرىغا

قانداق ئوستۇردۇڭ بۇنى، كورسەتچۇ شاھىيار دىخنىنى،
چىقتى مەيدانغا سىنىڭ بىرنەچچە تاشلىقنىڭ سىخىنى.

ساڭا بۇ ئىلهام قەيەردىن كەلدى؟ ئەي دىخان بېشى،
ئىشلىگەندۇر ئومىلىشىپ، پەرتەك تۇرۇپ قېرى-يېشى.

بەلكى بولغاندۇر ساۋاقلار پارتىيىنىڭ ھەر بىر سوزى،
شۇڭا، كورگەندۇر بۇ ... بىر ئاقلارغى كوزى.

بىرلا ئوخشاشماس يېرى: چۈشمەس بۇنىڭغا كارۋان.
باشقىسى ئوخشاش، پۈتۈن يۈزلۈك تۇسالماس تاغ ـ داۋان.

قانچىلىك تەرپىلسەم پۈتمەس ئۇنىڭ تەسۋىرى كوپ،
ئەي قەلەم ۋاق بەكمۇ زىق، بەس ئىلگىرى ماڭغانمۇ خوپ.

قانىمغانلار بولسا ئەمدى كوز بىلەن كورسۇن كېلىپ،
شۇندا ئىلھام ئالغۇسى قەلبى بۇنى كورۇپ بىلىپ.

يەنە ئىشلەپتۇ ئاجايىپ نەچچە خىل ئايروپىلان،
شۇ بەشيىللىقلار ئاياغىدا ئۇچۇرماققا پىلان.

چوڭ بىردە ئولتۇرارمىش يۈزدىن ئارتۇق كارۋان،
ھەم يىگىرمە تونىنا يۈك بىلەن ئۇچارمىش بىگۇمان.

بۇ قۇرۇق پىلان ئەمەس، ھازىر بېيجىڭ، شاڭخەيدە بار،
ئۈزۈن ئوتمەي يۇرتىمىز ـــ شىنجىياڭغا كەلتۇرگەي قارار.

بېشىنىڭ ئىككى يېنىدا توت ماتۇر ھەركەت قىلار،
شۇنچە كوپ ئادەم ۋە يۈكنى كوتىرىشكە كۈچ قىلار.

* * *

ئەمدى كەلدۇق ئارىلاپ دېخانچىلىق قىر بېشىغا،
قىرنى بويلاپ ئىختىيارسىز بەلكى بۇغداي قېشىغا.

ئىشلە شاھىيار دىخىنى ناملق ئىغىزدىن چۈشمىسۇن،
بەلكى بۇ سوتسىيالىزىمدا داڭقىڭ ھامان ئورلىسۇن.

بولما مەغرۇر، بەلكى سەكرەپ ئالغا ئاتلا! ھەم يانا.
بەلكى قىلماقتىن قانائەت ئەيلىگىن دائىم پانا.

بەلكى ئېھتىمالىم كىشى كورمىگەن بولسا كېرەك،
بەلكى شاھىيار دىخىنىغا مۇنتەزىر تۇرسا كېرەك.

قايسى تەردى، تەربىيلەپ ھەم ئۇنى ئۇستۇردى كىم؟
قولىغا سۈيەي دىسەم، جايى بار، يوقتۇر ئىسىم.

بۇ زىمىندا بۇنداق ئۇستۇنلۇكنى ھىچ ئەر كورمىگەن،
ئەر ئەمەس، دۇنيا بولۇپ بەلكى تېخى يەر كورمىگەن.

سوتسىيالىستىك ئەلدە بەلكىم بۇنداق ئىشلار بار چىقار،
قولى گۈلدەك مەن سۈيۈشنى ئارزۇ قىلغان يار چىقار.

ئەي شاھىيار دىخىنى قىلغان ئىشىڭغا ئاپىرىن!......
ئەر - ئايالۇ، چوڭ - كىچىك، قېرى - يېشىڭغا ئاپىرىن!......

ئىشنى ئەپلەپ، ئالغا سەكرەپ ماڭغىنىڭغا ئاپىرىن!......
سوتسىيالىزىمغا تېز يۈگۈرگەن ھەم ئىزىڭغا ئاپىرىن!......

قىغ ـ ئوغۇتنى نەچچە قات قۇيغاندۇ يەرگە چىڭ تۇرۇپ.
بەلكى چوڭقۇر ھەيدىگەندۇر نەچچە قېتىم ئوگتۇرۇپ.

قويمىغاندۇ ياۋا ئوتنى ئارىسىدا ئارىلاپ،
ئويلىغاندۇ قويمىسام دەپ، ۋەدىمىزنى قارىلاپ.

كۈننى تۈنگە ئۇلىغاندۇر راس قىزىپ كەتكەندە ئىش،
بەلكى مەلۇم بولمىغاندۇ ئىش بىلەن بولغاندا قىش.

بەلكى بۇندىن باشقا باردۇر نەچچە تۈرلۈك چارىسى،
يېنىدا تەڭ ئىشلىگەندۇر يۈرىگى سەكپارىسى①.

قۇلىغىدا ساقلىغاندۇ پارتىيە ئاۋازىنى،
بەلكى ئەسكە ئالمىغاندۇ، نازىنىنلەر نازىنى.

شۇ بىلەن كەلگەندۇ قولغا بۇ نەتىجە ـ بۇ ئۇتۇق،
چىدىيالماي قالدى قالاق، ھورۇن بىلەن تەرى تۇتۇق.

سان ـ ساناقسىز چارە باردۇر باشقا ھەم مەن بىلمىگەن،
چۈنكى يەر تېرىش ئىشىغا قوللۇرۇم ئېگىلمىگەن.

بەلكى قىلغاندۇر سىياسەتنى قوماندان ھەر زامان،
شۇڭا، زايا بولمىغاندۇر دانە ئاش ياكى سامان.

① يۈرىگى سەكپارىسى ـ يۈرىگىنىڭ پارچىسى.

بويى ئادەمدىن ئىگىزدۇر بۇ كېۋەزنىڭ تەپچىسى،
قانچە تەرىپلەر ئىدى گەر كورسە تۇرپان گەپچىسى①.

شاخ ئۇچىدا پاختا ئاق ئالتۇنغا ئوخشاش بەرق ئۇرار،
غۇنچە بويلۇقلار كېلىپ تېرىشكە هازىر نەق تۇرار.

پاختا بىلەن قامدىلۇر جەمىيىتىمدە ئېھتىياج،
بەرگۇسى چەكسىز سانائەت ئىشلىرىغىمۇ راۋاج.

ئەل كىيىم كىيمەككە مۇھتاج، پاختىغا بىئىختىيار،
هەر كىشىنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە ئالغاي قارار.

پاختىدىندۇر هور كەبى نازۇك بەدەنلەر زىننىتى،
كېچە هەم كۈندۈزدە ئايرىلماس ئۇلارنىڭ ئىلپىتى.

پاختىدىندۇر قىز ـ يىگىتنىڭ رەڭمۇ ـ رەڭ كوينەكلىرى،
لالە بىرلەن غۇنچە ياڭلىغ خىلمۇ ـ خىل چەژمەكلىرى.

پاختا بولغاندا، ئۆيۈڭ ۋەيرانە بولسا، گۈل بولۇر،
گۈلشەن ئەتراپىتا ئوغۇل ـ قىز باغدىكى بۇلبۇل بولۇر.

① گەپچىسى — بۇ يەردە تۇرپانلىق لەتىپچى موللا زەيدىن كوزدە تۇتۇلىدۇ.

سېنى ئۇستۇرگەن يېرىڭگە، ھەممىتىڭگە ئاپىرىن!......
ئاق سۈت ئېمىتكەن ئاناڭغا، مېھنىتىڭگە ئاپىرىن!......

كونىلىقنى تاشلىغان پاك ئىدىيەڭگە ئاپىرىن!......
كوممۇنىستلاردىن ئۆگەنگەن تەربىيەڭگە ئاپىرىن!......

پارتىيىنى ئەگىشىپ ماڭغان يولۇڭغا ئاپىرىن!......
تىرىشىپ ئىشلەپ، گۈل ئۈندۈرگەن قولۇڭغا ئاپىرىن!......

ئىككى يۈز ئاتمىش شېخى بار بۇغدىيىڭغا ئاپىرىن!......
ئارقىدا قويماي ئېلىپ ماڭغان خۇيۇڭغا ئاپىرىن!......

ئىشلىنىڭ ئالدىنى ئويلاپ قىلغان ئويۇڭغا ئاپىرىن!......
يازدا ئىشلەپ، كۈزدە شات قىلغان تويۇڭغا ئاپىرىن!......

ئاپىرىن! ھەم ئاپىرىن!......يۈز ئاپىرىن!......مىڭ
ئاپىرىن!......
باركاللا ئەيرىتىڭگە نىم شېھىتتىن ئاپىرىن!......

* * *

ئارزۇيۇم بىر بېرىپ كورسەم ئىكەن ئەي پاختىكار،
ئۇستۇرۇپسەن بىر كېۋەزنى ئۈچ يۈز ئوتتۇز غوزا بار.

نازىنىن كۆلگەنگە ئوخشاش ئېچىلىپتۇ ھەممىسى،
قالدى ئالدىدا ئۇيالتا ھور قىز گۈلدەستىسى.

سېنى كورسە سېراپ① بولۇر تەشنا دىللار،
بەختى كۈلۈپ ياشناپ كېتەر سولغان گۈللار،
ئالى ئەخلاق، خۇش پەزىلەت قىز-ئوغۇللار،
جان-دىل بىلەن جانان، سېنى كورگۈم كېلۇر.

يادىمدا بار سېنى كورگەن بەختلىك كۈنۈم،
مېھمان سۇپەت خۇەيرېنتاڭدا ئولتۇرغۇنۇم،
خىيال قىلسام كىرپىك قاقماي ئوتەر تۈنۈم،
ئۇلۇغ داھى سېنى قايتا كورگۈم كېلۇر.

قوينىڭدادۇر دولتىمىنىڭ قارارگاھى،
مۇقەددەس يەر، ئېزىلگەنلەر پاناگاھى،
بۈيۈك داھى ماۋزېدۇڭنىڭ ئارامگاھى،
غالىپ شەھەر، مەركەز، سېنى كورگۈم كېلۇر.

ئەجەپ گۈزەل چەنمېن داجيې بازارلىرى،
ۋاڭفۇجىن ھەم بەيخۇادالۇ تاۋارلىرى،
شىسەندىكى خانلار ياتقان "مازار"لىرى،
ھاجەت راۋا شىدەن، سېنى كورگۈم كېلۇر.

سەندە قاينار خەلق بەختىنىڭ بۇلاقلىرى،
دىل سۇ ئىچەر ئاڭلىغاندا قۇلاقلىرى،

---

① سېراپ — كەڭرى. بۇ يەردە قېنىش دىگەن مەنىدە.

پاختا بىرلەن قامدىلۇر ئۇيىنىڭ پۈتۈن ھاجەتلىرى،
كورپە ـ يوتقان، لۆڭگە ـ ياغلىقلار كەبى ئادەتلىرى،

پاختا بولغاچ غاقىراپ يۇرمەكتىدۇر فابرىكىلار،
ئەل ئۈمىدىگە مۇۋاپىق ئىشلىشەر تىپخىنىكىلار.

ئىم شىپھىت كوردى ئۈرۈمچى شەھرىدە كورگەزمىنى،
يۈزدە بىر تەسىرى ھەققىدە يازدى بۇ ئاز نەزمىنى.

1961 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# كورگۈم كېلۈر

كورگۈم كېلۈر، كورگۈم كېلۈر، كورگۈم كېلۈر،
پايتەختىم بېيجىڭ، سېنى كورگۈم كېلۈر.
مېھرى ئىسسىق شەھەر، سېنى كورگۈم كېلۈر،
تيەنئەنمېندەك مەيدانىڭنى كورگۈم كېلۈر.

بارساڭ دۆڭنەن شىچاڭ، پويىز ۋوگزالىغا،
كوزۈڭ چۈشەر مەغرۇر ئىگىز ئاشىيانىغا①.
ئالغا يۈرسەڭ يادىكارلىق ئاستانىغا،
ھەممىسىنى بىر ـ بىر كىرىپ كورگۈم كېلۇر.

مانا بۇ جاي تيەنئەنمېندۇر، بۈيۈك مەيدان،
مىليون ـ مىليون ئەر ـ ئاياللار بولۇر خەندان،
چىن كوڭۈلدىن سۈيەر ئۇنى ھەر بىر ۋىجدان،
جانىغا ئارام تيەنئەنمېننى كورگۈم كېلۇر.

ئەي پايتەخت، نىم شېھىدىڭ پىدايىدۇر.
تاغدەك مەغرۇر كورۇنۇشتە گادايىدۇر.
ئېيتار سوزى ساڭا مەدھى ـ سانايىدۇر②،
مۇقەددەس جاي، ھەر دەم سېنى كورگۈم كېلۇر.

1962 ـ يىل ئىيۇل، باي.

---

① ئاشىيانە ــ قەۋەت ئۆي.
② سانا ــ تەرىپلەش، ئۇلۇغلاش.

بىپىخەيدىكى ئۈزۈپ يۈرگەن قولۋاقلىرى،
زادى كەتمەس كوز ئالدىمدىن، كورگۇم كېلۇر.

ياشناپ كۆلەر دائىم ئۇنىڭ گۈلباھارى،
ئۈزۈن يىللىق گۈزەل سەنئەت يادىكارى،
ئوتتۇرىسىدا مەغرۇر تۇرار ئاق مۇنارى،
قەلبىم ئەسىر بولغان جايىنى كورگۇم كېلۇر.

دۇكئەنشچاڭ، رىنمىن شچاڭ ئەجەپ بازار،
ئوتمۇشتە خەلق بۇ جايلاردىن بولغان بىزار،
ئەمما، ھازىر كىشىگە يوق قىلچە ئازار،
مېھرىۋانىم قۇچاغىڭنى كورگۇم كېلۇر.

ئەگەر بارساڭ لۇگۇچياۋدىن ئوتكەن ھامان،
بېيجىڭنىڭ خۇش پۇراغى بولۇر ئايان،
تۇگەتكىلى بولماس قىلسام بىر-بىر بايان،
قەۋەت-قەۋەت بىنالارنى كورگۇم كېلۇر.

سەككىز قەۋەت، ئون قەۋەتتىن ئىمارىتى،
ئىسپاتىدۇر خەلقىمىزنىڭ جاسارىتى،
تامام بولماس يىللاردىمۇ زىيارىتى.
ئىسىل ھايات بولاغىڭنى كورگۇم كېلۇر.

بەگۋاشلىغىمنى تاشلاپ، ئەمدى ئۆزەمگە قايتاي،
تەشنا لىۋىمنى سۆرتەي دەرمان پىيالىڭىزغا.

قىز: —كەلسە باھار، قىزىلگۆل چاچقاي پۆراقلىرىنى،
بۆلبۆلمۇ زەۋقى بىرلەن باشلار قوشاقلىرىنى،
كاككۆكمۇ زەينىۋىدىن تارتقان پىراقلىرىنى،
ھالىمنى پەم ئېتەرسىز، كەلسەم خىيالىڭىزغا.

يىگىت: —شەرەت بىلەن ئېتىزدا قىلغان ئىدىمغۇ ۋەدە،
قالدۇرماستىن ھوسۇلنى، يىغىشقا بىر داننى يەردە.
چىققاندا ھوددىسىدىن، سىز قالدىڭىز قەيەردە.
توپ - توغرا نەق كېلۇرمەن ھەر بىر مىسالىڭىزغا.

قىز: —راست دىدىڭىز خۇماكوز، ئەسلەپ ئېتىز ئىشىنى،
تۆنلەردە باغلىدىم باغ، كۆندۆز تېرىپ بېشىنى،
قىلغان مۇسابىقىدە ئۇتكۆزمىدىم كىشىنى،
كەشتە تىكىشكە تەييار ئەمدى رومالىڭىزغا.

يىگىت: —زامانىمىز بەختىيار، سىزنى قىلدىم ئىختىيار،
قىز: —مەنمۇ قىلدىم ئىختىيار.

## بىر نومۇر

(ئېيتىشىش)

يىگىت: ــ ئوت چاقنىدى كوزۇمدىن باقسام جامالىڭىزغا،
قەلبىمنى پارە ئەيلەي قىلغان سالامىڭىزغا.
قىلسام پىدا جېنىمنى ماڭلايدا خالىڭىزغا،
جان تەندە مۇنتەزىز مەن سىزنىڭ جاۋاۋىڭىزغا.

قىز: ــ ئوتنى يېقىپ يۈرەككە، ئەي بىۋاپا، نىمە دەيسىز؟
ئىشقىڭىزدا كويگۇنۇمدىن زەررىمۇ غەم يىمەيسىز!
ئوتقا سېلىپ جېنىمنى، ھالىڭ نىچۇك دىمەيسىز!
ئارتۇق چىداش بېرەلمەي، كەلدىم جانابىڭىزغا.

يىگىت: ــ ئەيىپ ئەيلىمەڭ جانانىم، مەنمۇ سىرىمنى ئېيتاي،
قاچانغىچە مۇھەببەت دەردىنى يەككە تارتاي،

هورۇن: — ئۇ مېنى كۈتەلمەيدۇ،
نەزىرىمدىن ئۆتەلمەيدۇ،
ئۆلپەتلىك قىلالمايدۇ،
كۆڭلۈم باشقىنى تارتار.

رەنا: — بىرنى دېدىڭىز تەپكەك،
بىرنى دېدىڭىز مۆڭگەك،
سۆيمەيسىز تېخى ئەمگەك،
ۋاقتىڭىز ئۆتەر بىكار.

هورۇن: — مەي قەدرىنى بىلمەيدۇ،
مەيخانىغا كىرمەيدۇ،
كۆڭلۈم ئۇنى سۆيمەيدۇ،
بولدۇم شۇڭا، بەك بىزار.

رەنا: — مەيگە مەن ئەمەس ئۆلپەت،
قىلسىڭىز ئاڭا كۆلپەت،
سوزىڭىز يۈرەككە دەرت،
بولسىڭىز كوڭۇل ئازار.

سەۋلتى قۇرۇق نوچى،
بولمىڭىز بىكار ئوۋچى،

يىگىت: ــ تولۇپ تاشقان مۇھەببەت بىرلا سىزگە ئىنتىزار،
قىز: ــ مەنمۇ سىزگە ئىنتىزار.
يىگىت: ــ شەرتمۇ تولۇپ يېتىشتى، قىلىپ ھەممە ئېتىۋار،
باغۋەن ئۈزاتسۇن قولنى ئالما ـ ئانارىڭىزغا.
قىز: ــ بۇلبۇل ئوقۇر تەشەككۇر يېڭى باھارىڭىزغا.

1962 ـ يىل ئىيۇل، باي.

# ھورۇن بىلەن رەنا

(ئېيتىشىش)

ھورۇن: ــ ماڭا بىر بېقىڭ دىلدار،
ئىشقىڭىزدا مەن بىدار،
سىزگە يوق بۇ ئالەمدە،
ماڭا ئوخشاش خېرىدار.

رەنا: ــ نىمە دىدىڭىز يولداش؟
قەستىڭىز ئادەم ئالداش!
بىھۇدە قاتۇرماڭ باش،
ئويىڭىزدە بار خۇشتار،

بەخت ئۇچۇن بولغان كۈرەشتە شېرى داستانىم چېچەك،
كوممۇنىزىمغا ئاتاپ سايرايدۇ ۋىجدانىم مېنىڭ.

گۈل بېغىمنى ياشنىتىشتا پارتىيىدۇر باغىبان،
تەرىپىڭنى داستان قىلىپ بارچە بۇلبۇل سايرىغان،
ئەركىن-ئازات بۇ ھاياتنىڭ قاغا-قۇزغۇن باغرى قان،
ئىپتىخارىم يېڭى جۇڭگو، يېڭى شىنجىياڭىم مېنىڭ.

1962-يىل ئاۋغۇست، باي.

# يۈرەك سوزى

گۈل ئۈزارىم باغ ئىچىدە سېنى مەن دائىم كورەي،
تۈرلى-تۈرلى نازى-نېمەتلەر ئارا دەۋران سۈرەي،
دىلغا ئارام بەخش ئەتكۈچى ساپ ھاۋادىن ئۆرگىلەي،
مەن بۇيۇك ئازات ۋەتەن پەرزەندى دەپ مەغرۇر كۈلەي.

ئەي ۋەتەن جانلارغا ئاسايىش شارائىت سەندە بار،
ئادەم-ئىنسان ئىپتىۋارى، قەدرى-ھورمەت سەندە بار،

دەۋرىگە بېقىنىڭ پوچى،
ئايالّلارنى كورمەك خار.

1962 ـ يىل ئىيۇل، باي.

## يېڭى شىنجياڭىم مېنىڭ

بەختى كۈلدى، گۈلگە تولدى، يېڭى شىنجياڭىم مېنىڭ،
خانىلەر بولدى ئاۋات، يېڭـى دەۋرانىم مېنىڭ،
"ئاھ......پىراق" دەپ نالە قىلماس بولـدى جانانىم مېنىڭ.
بەخت ياراتقان بېغىم ئىچرە يېڭى مېھمانىم مېنىڭ.

ئەي بېغىم كوكسىڭگە داغ قويغان ئىدى شۇمقۇش بۇرۇن،
ئاق كوڭۇل ۋىجدانى پاك جانلار ئۇچۇن بەرمەي ئورۇن،
لالىلەر سۇسىز سولۇپ قالغان ئىدى، باغۋەن ھورۇن،
پارتىيىدىن قانـدى سۇغا غۇنچە خەندانىم مېنىڭ.

يېڭى ئازات دەۋردە ئاچتى گۈل-گۈلۇستانىم چىچەك،
تاغۇ-چول بولـدى ئاۋات، باغۇ-بوستانىم چىچەك،

ئەمدى ھېچكىم كۆڭلىدە يوق قايغۇدىن زەررە غۇبار،
ھەممە ئۇيدە ياغۇ-گۇش، گۇرۇچ، ئۇن، ھو نېمە، سەي.

كوز قاراسىدەك نىگارىم، تاجۇ-تەختىم سەن ۋەتەن،
لالەزارىم، نامدارىم، ئېتىۋارىم سەن ۋەتەن،
تەندە جانىم ھەم مادارىم، سايىۋانىم سەن ۋەتەن،
قايسى ۋىجدان، قايسى نومۇس بىرلا سەندىن يۈز ئۆرەي.

ھەممە ھاجەتلەر راۋادۇر سەندە، ئەي، نۇرلۇق ۋەتەن،
ئەركىن-ئازات قۇچىغىڭدا تۇگىدى زورلۇق ۋەتەن،
ساتسا ھەركىم نومۇسىنى، بار ئاڭا خورلۇق ۋەتەن،
مەن دىدەپ "ئاسماندا غازنىڭ شورپىسىغا تەلمۈرەي".

ئورنىغان يۈرەكلىگە سەن سەنەمنىڭ قاشلىرى،
لەلى ياقۇتتىنمۇ ئارتۇق تاغلىرىڭنىڭ تاشلىرى،
سېنى ئاسراشقا پىدادۇر ھەممە مىللەت ياشلىرى،
كوز ئالايتقان دۈشمىنىڭنىڭ بېشىنى يەنچىپ ئېزەي.

سەندىكى ئاددى ھايات ئارتۇق فېرىدۇن① تەختىدىن،
بەلكى ئاددى كۇنلۇرۇم ھەم ئالى جەمشىت② بەختىدىن،

①② فەرىدون، جەمشىت — قەدىمى ئىران شاھلىرىنىڭ ئىسمى.

شۇگلاشقا پاسىۋانىمەن تاكى جانىم تەندە بار،
كىمكى قەدرىڭ بىلمىسە تۇپراق ئارا دەسسەپ كومەي.

ھورمىتىڭ ئالەم ئارا مەشھۇر جانانىم ۋەتەن،
قەلبىم ئىچرە نۇر بېرىشتە ماھى تابانىم① ۋەتەن،
تەن ئارا جانىم، دىلىمدا نۇرى ئىمانىم ۋەتەن،
تۇپرىغىڭنى تۇتىيا ئورنىدا كوزۇمگە سۇرەي.

ئەي ۋەتەن دۇنياغا مەشھۇردۇر تەبىى بايلىغىڭ،
مولچىلىقتا مىسلى يوقتۇر چارۋىلارغا يايلىغىڭ،
تۇرلى مەدەن مەنبەئىدۇر تاغ، ئېدىر ھەم سايلىغىڭ،
ئىپتىخارىم سەن ۋەتەننى باشقا تاجىم دەپ بىلەي.

سەن بىلەندۇر ئابرويۇم، ئىززىتىم ھەم ھورمىتىم،
يەر يۈزىدە يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئارتۇق دولىتىم،
سەن بىلەن ئاشماقتا كۈندىن-كۈنگە شانۇ-شەۋكىتىم،
"مىسىر تەختىدىن كېچىپ كەنئان② گادايى"نى سۈيەي.

بىز ئىدۇق ئازاتلىغىڭدىن ئىلگىرى ئەجەپمۇ خار،
كېچە-كۈندۈز ئىشلىسەكمۇ تويمىغان، ئاش-نانغا زار،

① ماھى تابان — نۇرلۇق ئاي، تولۇن ئاي.
② كەنئان — جاي ئىسمى. بۇ يەردە گەپ، "مىسىرنىڭ شاھلىغىدىن كەنئاننىڭ گادايلىغى ياخشى" دىگەن ماقال ئۈستىدە بارىدۇ.

كەلسە يەيدۇ ھەر تەرەپتىن، شۇبھىسىز، گەردەنگە مۇش،
قارشى بىز، تەييار ھامان، بۇيرۇق كۇتۇپ تۇەنجيې چىلەي①

نىم شىھىت ئالدىنقى سەپ ئالدىدا تۇرماقنى كۇتەر،
ھەر قەدەمدە باسمىچىغا مەن دىسەم: "قولنىڭ كوتەر!......"
بولمىسا ئۇمرۇڭ تۇگەپ، جانىڭ جەھەننەمگە كىتەر!......
ئاقىۋەت جياڭ جيېشى خائىن كوكرىگىنى راسا چىنەي.

1962 - يىل 15 - ئاۋغۇست، باي.

## بىزنىڭ جەڭچىگە

قىشتا ھەم يازدا چىگرىدا ھۇشيار،
تۇراتتى جەڭچى قويۇپ زىھنىنى.
ئويلار ئوزىنى ئەلگە قەرزدار،
ۋەتەنگە ئاتاپ پۇتۇن مىھرىنى.

شۇ پايانسىز ۋەتەن يىرىنى،
مۇستەھكەم ساقلاش مىنىڭ ئىشىم دەپ.

① تۇەنجيې چىلەي — ئۇيۇشۇش - ئىتتىپاقلىشىش.

بەلكى پارلاق كەلگۈسىز ئەۋزەل سۇلايمان① رەختىدىن،
يۇرىكىم سەندە تۇرۇپ، ياتقا قانداق تەلمۈرەي.

شەرقىي تەيۋەندىن يۇرۇپ، غەربىي جەنۇپ تاكى خوتەن،
يالۇجياڭدىن تاكى شىزاڭ قوشۇلۇپ، بىرگەۋدە — تەن.
كوكرىكىمنى يارسا گەر سوققان يۈرەك دەيدۇ: "ۋەتەن"
قەشقىرىمدە چىلگە يەپ، چاڭجياڭدا ئويناقلاپ ئۈزەي.

گۈللىگەندە بىغىم ئىچرە قايغۇسىز، خوشال هايات،
سوتسيالىزىم ئۈچۈن بولغاندا ھەركىمدە ساۋات،
كوردى جياڭ جيېشى چۈشىدە چوڭ قۇرۇقلۇقتا "ناۋات"،
كوزنى ئاچماي جويلۇدى، ئاغزىنى تامچىپ "ھەسسىنەي!"

"مەن چىقاي ئۈستۈپ قۇرۇقلۇقتا، بۇزۇپ خەلق بىرلىكىن،
ئاياق ئاستى ئەيلىسەم بىر يولى ئەل تىلىكىن،
ئايرىۋەتسەم ھەر كىشىنى، بولسا يارۇ-يولىكىن،
باش كېسىپ، قانلار كېچىپ، تەختىمنى قولغا كەلتۈرەي".

جادىگەر قاقۋاش كوزىنى يۇمماي تۇرۇپ كورمەكتە چۈش،
تەبىر ئېيتۇر چۈشىگە ئاق ئويدە كىنىندى ھۇقۇش،

① سۇلايمان — ئەپسانىۋى پەيغەمبەر ھەم شاھ ئىسمى.

بىر كۈنى قاپلاپ كوكنىڭ يۈزىنى،
چاڭ ـ مانان قىلدى قاپقارا جۇدۇن.
"كورەلمەيدۇ" دەپ جەگچى كوزىنى،
چىقتى كويىقاپتىن "U ـ 2" قۇيۇن.

لېكىن، جەگچىنىڭ كوزى چىنىققان،
ئايرىيتتى تۇندىمۇ قاپقارا قىلنى.
ئۇزى كېلىشكەن ۋە راسا چاققان،
كوتىرىپ باساتتى ھەتتاكى پىلنى.

بۇلۇت ئۇستىدە كۈيلەيتتى بىغەم،
ئاشۇ شۇم قۇيۇن چېگرىغا قاراپ،
"كوكتە شۇنداق بەلەنلىكتىمەن،
جىنمۇ كورمەيدۇ" دەپ ھەر يان ماراپ.

مەغرۇرلۇق بىلەن چېگـرىغا كېلىپ،
ئىغۋا قىلىشقا ئۇرۇنغان ھامان.
ئاجايىپ ھەيۋەت زىلزىلىگە كېلىپ،
تەۋرىنىپ كەتتى پۈتۈن يەر-جاھان.

بىر چاغدا ئوكيان تەكتىگە قاراپ،
مۇئەللەق ئۇرۇپ چۇشتى سامالىيوت.

رازى ئۇمرۇمدىن قەلبىم مېھرىنى —
توكۇپ شۇ يولدا كەتسە بېشىم دەپ.

ئەمگەكچىلەرنىڭ كوڭۇل ئارامى،
ۋە تىنىچ سانائەت قۇرۇلۇشلىرى.
كۇنسېرى ئېشىپ شوھرىتى-شانى،
ئالى مەقسەتكە يونۇلۇشلىرى.

ئاشىق-مەشۇقنىڭ يۇرىگى-ئىشقى،
قىلمىسۇن دەپ، پىراقتىن زارە.
غەمسىز باياشات ئوتۇپ ھەر كىشى،
بەخت كوكىدە قىلسۇن سەييارە.

مەيلى خاتىرجەم ئوينىسۇن-كۇلسۇن،
ئەندىشە قىلماي بارۇ-يوقىدىن.
بەلكى دىللارغا خوشاللىق تولسۇن،
ئاسايىشلىقتىن، ھايات زوقىدىن.

دەپ بارىغا ئوزى تىكىپ جان،
دائىم نۇراتتى چېۋەر ۋە ھۇشيار.
ئوتەلمەس ئىدى چېگرىدىن ھىچ جان،
ۋە ئاسماندىن ھەتتاكى قۇشلار.

# ئەسلەيمەن

— ل. مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن.

ھايات بېغىدا سەيرى ئەتكەندە مەن بىر گۈلنى ئەسلەيمەن.
قىزىلگۈل خۇش پۇراق چاچقاندا بىر بۇلبۇلنى ئەسلەيمەن.
چېپىش مەيدانىدا ئىلگىرىلىگەن دۇلدۇلنى ئەسلەيمەن.
باھاردىن بەھرىسىز كەتكەن چىۋەر ئوغۇلنى ئەسلەيمەن.

ئۇ شۇنداق بىر گۈلكىم غۇنچە دەۋرانىغا يەتكەندە،
ئېچىلماققا سەنەمنىڭ ئاغزىدەك تەبەسسۇم ئەتكەندە،
تۇمەن جانلار تەلمۈرۈپ، ئۇنىڭغا كوزىنى تىككەندە،
غەزەپ بىرلەن ئۇنى ئۈزگەن زەھەرلىك قولنى ئەسلەيمەن.

سىنىڭ ھەر بىر سوزۇڭ ئەردى دوستلارغا بىباھا گۆھەر،
لېكىن، دۈشمەنگە نىسبەت ئەيلىگەندە خۇددى بىر خەنجەر،

قۇيرىغى ئۇستۇن ھەر يان پىقىراپ،
كوككە باراۋەر چىقاردى ئىس ـ دۇت.

كوكتە يولۇققان بۇ ئالامەتنى،
ھىچقاچان دۇشمەن كۇتمىگەن ئىدى.
تىتىپ تاشلانغان بۇ كاساپەتنى،
دېڭىز تېگىدە بېلىقلەر يىدى.

شۇ چاغدا بىزنىڭ جەڭچىمىز قاراپ،
قىلار تەبەسسۇم: "لەنىتىلەر!......" دەپ.
"قانداق شارائىت، قانداق چاغ مارااپ،
كېلىشسەڭ، بىز تاشلايمىز ئۇرتەپ!......"

جەڭچىمىز ھامان قويۇپ زېھنىنى،
كېچە ۋە كۇندۇز تۇرار ئورنىدا.
ۋەتەنگە ئاتاپ پۇتۇن مېھرىنى،
ۋەتەننى ساقلاش قەرزدۇر بويىنىدا.

جەڭچىگە ئېيتار ئىم شېھىت سالام!
قىزغىن يۇرەكتىن مەدھىيە بىلەن.
شۇ خىزمەتكە خاس ئۇسمەكتە بالام،
ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بىلەن.

1962 ـ يىل سېنتەبىر، باي.

پاراغەتلىك ھايات دۆلەت ئىچىدە ياشىغان چاغدا،
پۈتۈن جۇڭخۇا ئېلىنىڭ نەۋ باھارى گۈللىگەن چاغدا،
ئېزىلگەن ھەممە مىللەت بىرلىشىپ شوق ئوينىغان چاغدا،
بۇ دەۋرىدىن نىسىۋە كۆرمىگەن لۇتپۇللىنى ئەسلەيمەن.

خەلقىنىڭ بەختىگە، قايغۇسىغا ئورتاق ئىدى سازى،
پۈتۈن دۆلەت ئىچىگە تارقىغان ھەم ياڭراق ئاۋازى،
شۇڭىچۈن، ئىم شېھىت دەيدۇ: "سېنىڭدەك دوستىدىن
رازى!......"
ۋەتەننى كۈيلىگەن سازىدىكى مەرغۇلنى ئەسلەيمەن.

1962 ـ يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## داغ قوندۇرمايمەن يۈزۈڭگە

ئانا ۋەتەن قەدىرلىك ئۇلۇغ، ھۆسنۈڭ گۈزەل،
جاھاندا سەن ھەر نەرسىدىن ئىرگە ئەۋزەل.

بىلىم تەشنالىرىنى قاندۇرۇشتا شەربەتتى ئىدى كەۋسەر،
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشكە باشلىغان كەڭ يولنى ئەسلەيمەن.

قەدىردان دوست، كۈرەشچان روھ، پىداكار ياش،
ئىرادەڭ شۇنچىلىك قاتتىق دۈشمەنگە ئەگمىدىڭ باش،
قىيىن قىستاق، كۈرەشلەرگە ئىگىلمەستىن قىلىپ بەرداش،
ۋەتەننىڭ ھۆرلىكىنى ئويلىغان كۆڭۈلنى ئەسلەيمەن.

مۇھەببەت رىشتىنى باغلىغان ۋەتەنگە چىن دىلدىن،
ئىپادە ئەيلىگەن ئەل بىرلىكىنى نەچچە ئۈن يىلدىن،
ئۆزى خۇش خۇي، ۋۇجۇدى ساپ ئىدى ناتوغرا ئىستىلدىن.
تولۇن ئايدەك يۈزلىرى ھەم چاچلىرى سۇمبۇلنى ئەسلەيمەن.

چېكەتتى خەلق بەختىچۈن ئايانماستىن ھەمىشە غەم،
كېيىنكى جەڭگە ئوغلىنى ئاتاپ قويغاندى خاتىرجەم،
كېتىپ قالدى بۇ دۇنيادىن ئاتا-ئوغۇل بولالماي جەم،
ئاتىسىنىڭ ئەمرىنى ئىشلىيەلمىگەن كەشپۇللىنى ئەسلەيمەن①

---

① كەشپۇللا، ل. مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدا ئۆيلەنگەن خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلىنىڭ ئىسمى. بۇ يەردە سوز شائىر لوتپۇللىنىڭ: "ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى" دىگەن مىسراسى ئۈستىدە كېتىپ بارىدۇ.

تۇتقۇنلۇقتا مۇھەببەتتىن لەززەت بارمۇ؟!
ئادەملەرگە ئېتىۋار ھەم ئىززەت بارمۇ؟!

ئاسارەتتە كىم كورۇپتۇ ئەزىز تەننى؟!
تولا كورگەن "ئاھ......" پىراقتا جان ئۇزگەننى.

ھازىر ئۇنداق كۇننى قىلغاچ بىز ئۇچ تالاق،
شۇڭلاشقىدۇ قەلبىمىز شات، كۇلدى شۇنداق.

شۇنىڭ ئۇچۇن، قەدىرلەيمەن سېنى ۋەتەن،
ساڭا پىدا قۇربانىڭ دەپ جان بىلەن تەن.

گۇزەل ۋەتەن كويەرىم سەن، سۇيەرىم سەن،
ھالاۋىتىم تەنگە ماغدۇر، يۇرىگىم سەن.

دەرتكە شىپا، يۇرەرگە ئات، ئۇچسام قانات،
تاپتىم سەندىن تۇرمۇشۇمدا يېڭى ھايات.

يەرسىزگە يەر، تەشناغا سۇ، يوقسۇلغا مال،
زادى قانداق ئىشقا بولسۇن باردۇر ئامال.

بىر سوز بىلەن دىسەم ھاجەت راۋا ۋەتەن،
دەرتمەنلەرنىڭ يۇرىگىگە داۋا ۋەتەن.

ھېچبىر گۈزەل ھوسنى ساڭا تەڭ كېلەلمەس،
ئالا ـ يېشىل بوياقلىمۇ رەڭ بېرەلمەس.

مەن ماختىسام سۆيگۈنۈمنىڭ جامالىنى،
"ئىلپىتەك" تۈز نازۇك قەددى كامالىنى.

ياكى يازسام كوپلەپ كەلگەن دارامەتنى،
ھەر مو يەردىن مىڭ جىڭلىغان ئالامەتنى.

ياكى تۇرمۇش ئىسلىلىگەن تەسۋىرلىسەم،
دەۋرىمىزدىن رازى دىسەم، تەقدىرلىسەم.

پەن ـ تېخنىكا، سانائەتنىڭ ئاشقانلىغىن،
قالاق كۆنلەر كەلمەس يەرگە قاچقانلىغىن.

ياكى چارۋا ھېساپسىز دەپ ماختىنايمەن،
قاناتلىنىپ، كوككە قاراپ ئاتلىنايمەن.

ھەممىسىگە مۇندەرىجە ئەركىنلىگىڭ،
ئازاتلىغىڭ، قۇدرەتلىگىڭ، تەمكىنلىگىڭ.

سەن ئازاتچۇن، سۆيگۈدىن گەپ ئاچالايمىز،
باشلىرىغا مەرۋايىتلار چاچالايمىز.

بايدا ئون يىل ئالدىدا يەرلەر پومششك قولدا،
سوز ئېچىش مۈمكىن ئەمەستى ئىشلىگەنلەر بابىدىن.

ئىشلىگەن ئاپتاپتا قالغان، ھوسۇلدىن بەھرى يوق،
شۇڭلاشقا قۇتۇلالماس ئىدى ئاچلىق نالىدىن.

پالتا، كەتمەن، ئارا-گۇرجەك ئۇپرىغانغا ھەق تولەپ،
بېشى كەتكەن قۇتۇلالماي، بويىندا زۇننارىدىن①.

كەمبەغەلدىن كەمبەغەل "ھالىڭ نىچۇك؟" دەپ سورىمسا،
باشقىلارنىڭ كارى يوق مىڭ نالە ھەم پەريادىدىن.

زومىگەرلەر كەمبەغەلنى قاخشتىپ قىلغان جۇدا،
ئەمگىگىنىڭ ئەجرىدىن، سۈيگۈسىدىن، جانىدىن.

شۈكرى، يۈز مىڭ شۈكرى، بۈگۈن، بۇ ئادالەت دەۋرىگە،
ھەممە ئادەم بەھرىمەن بولماقتا ئۈز تاپقانىدىن.

يەر ئۈمۈمنىڭ، ئاممىنىڭ، مەھسۇلغا ئەمگەك كېپىل،
ياخشى ئەمگەك قىلسا تاغدەك ئاش ئالار خامانىدىن.

① زۇننار — غەيرى دىندىكىلەر ئىسلام مەملىكەتلىرىدە تۇرغاندا بويىنغا ئاسىدىغان بەلگە. بۇ يەردە قەرزدارلىقنى كورستىش كوزدە تۇتۇلغان.

گۈللەۋاتقان گۈلباھاردەك ھاياتىمىز بار......
ئازات، باتۇر...... دېگەن ئىككى قاناتىمىز بار......

كىم قەسلىسە پاك يۈزۈڭگە داغ قويۇشنى،
شەرەپ بىلەي تېرىسىنى نەق سويۇشنى.

دۈشمەن ئۈچۈن ھەر گىيارىمىز قۇرۇلغان دار،
بارچە خەلقىم ۋەتەن ئۈچۈن جەڭگە تەييار.

ۋەتىنىمىزنىڭ پەرمانىنى ئىم شىپھت ھەم،
ئورۇنلاشقا، شەك ـ شۈبھىسىز، تەييار ھەر دەم.

1962 ـ يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

## تەرجىئى بەند[1]

مەن بۈگۈن ئەيلەي بايان باي ناھىيە ئەھۋالىدىن،
بەلكى بايىنىڭ ئۆتمۈشىدىن ھەم بۈگۈنكى ھالىدىن.

[1] تەرجىئى بەند ــ شېئىرىيەتتىكى بىر شەكىل.

ئەمدى كورسەك ناھيىنىڭ شەكلى ھەم ماھيىتى،
ياخشىلاندى، قالمدى كونىلىقتىن بۇندا خەتەر.

مەيلى مەكتەپ، مەيلى ھەر بىر جەمىيەت ئورۇنلىرى،
كونا تاملاردىن ۋىدالاشتى قىلىپ زىرۇ-زەبەر.

ھەممە جايدا يېڭى قۇرۇلۇش، يېپ-يېڭى ئالى بىنا،
ھەممە رايون، ھەممە كوچىشى، ھەممە مەكتەپ، ھەممە يەر.

شۇ بىلەن، مەيدان ئارا چىقتى بۇگۇنكى يېڭى باي،
بۇ دىمەك، پارتىيە ئىلھامىدىن بولغان ئەسەر.

شۇڭا، دەيمىز بارىكاللا!...... پارتىيە يۇز مىڭ ياشا،
سەن سىزىپ بەرگەن بۇ يول بىزگە كوپايە. كەڭتاشا.

* * *

يېرى مۇنبەتلىك بۇ باي، توت تەرىپى تاغلىق رايون،
چارۋا ئوستۇرمەك ئۇچۇن شارائىتى ياخشى ئورۇن.

تەبىي شارائىتى شۇنداق قولايلىق بولسىمۇ،
چارۋىغا گاداي ئىدى بۇ جاي ئازاتلىقتىن بۇرۇن.

ئىرىنى كوپ سوزلىمەيلى، ئەللىگىنچى يىللىرى،
بارى ئاتمىش مىڭ ئىدى ئات، قوي، كالا، توپاق، قولۇن.

يىمەك ـ ئىچمەكتىن پەقەت بىر زەررىچە غەم ـ قايغۇ يوق،
قىلدى تارلىق ساڭلىرى بۇ يىلقى مەھسۇلاتىدىن.

شۇڭا، دەيمىز بارىكاللا!...... پارتىيە يۈز مىڭ ياشا،
سەن سىزىپ بەرگەن يولۇڭ بىزگە كۈپايە، كەڭتاشا.

*　　*　　*

ناھىيە ئۇتمۇشتە بەك ۋەيران، قاقاس، چول بىر شەھەر،
"تام بىھىسپ قالماسمۇ؟" دەپ قورقار ئىدۇق كەچ ھەم سەھەر.

تاملىرى ھەر يانغا قىڭغايغان ئۇچۇن قويغان تىرەك،
ئارقىسىدا "غوجاتام" ئەتراپلىرى ئاندىن بەتتەر.

مۇستەبىتلەر ئالۋىنىغا يارىتىلغاندەكلا پەقەت،
باشقا چاغدا يوق ئىدى ناھىيە نامىدىن ئەسەر.

بىز بايان قىلغاندىن ئارتۇق ئوي ـ ئىمارەت يوق ئۇچۇن،
خەلق ئىدى ئالى زامانلاشقان بىنادىن بىخەۋەر.

ئوي ـ ئىمارەتلەر تولاراغى توقۇلغان قورما تام،
شۇ سەۋەپ، ئولتۇرغىلى بولمايتتى ئەسلا بىخەتەر.

ياغسا يامغۇر ئوگزىگە كۆل قويۇپ، تۇشۇك ئېتىپ،
قىشتا قار ياغسا بولار ئىدۇق ھەم تولا ئاۋارىگەر.

باشپانادۇر پارتىيە، بىز بەختلىك چارۋىچى،
شۇڭا بار يايلاقتا قوي، يانچۇقتا پۇل، ساندۇقتا ئۇن.

مىنگىلى ئات، يىگىلى ئاش، ئولتۇرۇشقا ياخشى جاي،
ئاسقىدا گوش، كوزىدا ياغ، ئۇستىمىزدە يېڭى تون.

يازغىنىم يېڭىلىقنىڭ ئىرۇر پەقەت ئوندىن بىرى،
پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، پائىلاتۇن، پائىلۇن①

نىم شىھىتىنىڭ قەلىمى بىرلەن يۇرەكتىن سىغىنىپ،
بىز تىلەيمىز پارتىيىنىڭ دەۋرى گۇللەپ ياشنىسۇن!

شۇڭا، دەيمىز بارىكاللا!...... پارتىيە يۇز مىڭ ياشا!......
سەن سىزىپ بەرگەن يولۇڭ بىزگە كۇپايە، كەڭتاشا.

1962 ـ يىل ئوكتەبىر، باي.

---

① بۇ مىسرا ئورۇز ۋەزنىنىڭ بىر بەھرى.

ناھىيىنىڭ تاغ - تىكىس، ئابى ھاۋاسىغا قاراپ،
پارتىيە بولدى كۆكۈل چارۋا ئۆستۈرمەك ئۈچۈن.

تاغۇ - يايلاقلار ئومۇمىنىڭ پايدىسىغا ئۆزگىرىپ،
ئۈستى تەڭ كۆزدە قارالغاچ، چارۋىلار كۆرمەي زەبۇن①.

ئەمدى ھازىر چارۋىنىڭ ئوت - چۆپ، قوتان بارلىق ئىشىن،
گۇڭشې ئۆز ئۈستىگە ئالغاچ چارۋىغا يەتمەس زەبۇن.

پارتىيىنىڭ نۇرى تاغ - يايلاققا ھەم يەتمەك بىلەن،
بولدى توت يۈز مىڭدىن ئارتۇق چارۋا سانى نەق بۈگۈن.

چارۋا باققانىنىڭ پەقەت چارۋىدۇر بارلىق غېمى،
تاغدىمۇ تۇرمۇش پاراۋان، ئاش ۋە نان، تاۋۇز، قوغۇن.

كەڭتاشادۇر گۆش ۋە ياغ ئادەتتە ئىستېمالىمىز،
ھەممە ئۆيدە يۇڭ بويۇم، كىگىز - بىساتۇ بار پۈتۈن.

شۇنچىلىك ناھىيە ئىستېمالىنى قامداش بىلەن،
ئۈستى سانى يۈزگە مىڭدىن، ئۇنغا يۈزدىن، بىرگە ئون.

---

① زەبۇن — ئاجىز - ئورۇق.

خالىغان چاغدا ئىچىلار گۈلدەك،
پەسىھ[1] سوزىدە خۇددى بۇلبۇلدەك.

ئەركە ئۇستۇرگەن مەسئۇد[2] تەخت ئۇنى
قىزغىنىپ باققان ئەركىن بەخت ئۇنى.

نەپىس كىيىمگە بولىمايتتى مەغرۇر،
شانۇ-شەۋكەتكە كۆلمەيتتى مەسرۇر.

ئالدىيالمايتتى يىپەك-تاۋالار،
سولدۇرالمايتتى غەملىك ناۋالار.

ئەيش-ساپاغا بېرىلگەن ئەمەس،
جەمشىت تەختىگە ئېگىلگەن ئەمەس.

رۇستەمدەكنى ھەم پىسەن قىلمايتتى،
شاھى ئىراننى كوزگە ئىلمايتتى.

ئۇ بىر ئاھۇكىم شىكار بولمىغان،
يوق بەلكى لاچىن تورغا ئالمىغان.

---

[1] پەسىھ — گۈزەل ۋايىغا يەتكەن سوز.
[2] مەسئۇد — ئۇلۇغ.

# شىرىن

— «پەرھات ـ شىرىن» داستانىدىن پارچە.

مۇھىن① بانۇدۇر شەھرىيار شاھى،
بار ئىدى ئۇنىڭ "شىرىن" دەپ ماھى②.

بۇ مەلىكىلەر بىر تۇققان ئىدى،
ئەزەلدە بەختكە يولۇقـقان ئىدى.

مۇھىنبانۇغا مىراس ئىدى شاھ،
ئىشقىدىن شىرىن چېكەردىلەر ئاھ.

ئىسمى جىسمىغا چىـرايلىق ياقىقان،
بەخت ـ تەلەيمۇ ئۇڭ كوزدە باققان.

① مۇھىن — ماھىن — ئاي.
② ماھى — ئاي.

پەرى قىزلىرى ئۈيۈلۈپ شۇ ئان،
ئەلنىڭ كوزىدىن بولۇپتۇ پىنھان.

خوتەن مۇلكىدىن پەرھاتتەك شۇڭقار،
كېلىپ ئۇ قىزغا بولۇپتۇ شىكار.

1947 ـ يىل، غۇلجا.

## رۇبائىي[①] ۋە پارچىلار

تۇتىيا ــ دۇنيادا مۇقەددەس توپا.
ئاغرىغان كوزلەرگە بولىدۇ شىپا.

---

① مەن 1963 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئاز ـ تولا رۇبائىي يېزىشقا كىرىشكەن ئىدىم. 1966 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق رۇبائىي يازغان بولسامۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى زايا بولۇپ كەتتى. بۇ دەپتەرگە ئاشۇ رۇبائىلاردىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى خاتىرىلەپ قويدۇم، بۇرۇنقىدەك يېزىش قابىلىيىتىم ھازىر ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاندا ـ ساندا يېزىپ، كەلگۈسى ئۇچۇن يادىكار قىلىنسا دىگەن ئۇمىتتىمەن.

نىم شېھىت

1968 ـ يىل ئوكتەبىر، باي.

جامالىدىن ئاي بەھرىۋەر ئىدى،
قېشىغا قەلەم ھەم سەپەر ئىدى.

خىجىللىق يېتىپ ھوسنىدىن كۈنگە،
توختىيالماستىن كېتىپتۇ تۈنگە.

بوينىغا تىزىپ قىلىسا دەپ مارجان،
تەقدىم قىلىپتۇ يۇلتۇزنى ئاسمان.

قوبۇل بولمىغاچ ھېچبىر يۇلتۇزى،
چىقماپتۇ شۇندىن بۇيان كۈندۈزى.

تەبرىك قىلىشقا بارماي دەپ "قۇرۇق"،
ھەسەن-ھۈسەننى يوللىغان ئۇپۇق.

قىلار لېنتە دەپ چاچىغا ئۇنى،
ماختىنىپ دەپتۇ ھەممىگە بۇنى.

ئەرزىمەپتۇ ئۇ، پەرى چەھرىگە،
تاشلاپتۇ ئۇنى ئاسمان قەھرىگە.

شۇنىڭغا ئۇپۇق بولۇپ بەك خىجىل،
گايىدا سېرىق، گايىدا قىزىل.

ياشلىقنىڭ بەڭۋاشراق ئۆتكەن بىر كۈنى،
ئۇچراشتىم يار بىلەن يارنىڭ لىۋىدە.
ئەسلىسەم ئىسمىنى يىغىپ بار ئىكەن،
زەھەردەك مۇچلارمۇ يارنىڭ لىۋىدە.

*　　*　　*

كىشلەر باي بولسا ئالتۇن يىغاتتى،
شۇ بىلەن ئۆزىگە قوياتتى مىننەت.
ۋەتەننى، خەلقىمنى كۈيلەپ يازغىنىم،
ھەر قۇرى مەن ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەت.

*　　*　　*

ئەي رەسسام ھەركىمنى سۆيگۈنى بىلەن،
سۈرەتكە سىزىپسەن كوڭۇلدىكىدەك.
سۆيگۈمنى كورگەنمەن گويا چۈشۈمدە،
سۈرەتنى تارتساڭكەن ئۆڭۈمدىكىدەك.

*　　*　　*

"مازار" دەپ ئىيتقىنىم يوغان بىر گۈمبەز،
ھەيۋەتلىك، زىننەتلىك، قۇرۇق قەۋرىدۇر.
لاتىلار، قۇيرۇقلار، مۈڭگۈزلار ئىسىپ،
شام يىقىپ، بىھۇدە تارتقان جەۋرىدۇر.

*　　*　　*

دۇنيانىڭ ئىگىز-پەس، بولۇشى ئىنىق،
كۆرەشتىن تەپ-تەكشى بولۇشى چوقۇم.

ئۇلۇغۋار ۋەتەننىڭ ھەر بىر تۇپرىغى،
تۇتىيادىن مۇقەددەس كورۇنەر ماڭا.

## پارچىلار

سىنىپسىز بەختلىك ئەتىگە ئاتاپ،
گۈزەل باغ قۇرۇشقا تىكمەن كوچەت.
مۇبىسن كورەلمەي ئۇلسەم ئارمان يوق،
رازىمەن كورگەنلەر ياتلىسا پەقەت.

توسالماس يولۇمنى ھىچقانداق داۋان،
خەلق ئۇچۇن ئىشلەشكە باغلاقلىق بىلىم.
ئىپتىخار قىلىشقا ھەققىم بار مىنىڭ،
ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلۇپ ئوسكەن ئەل-ئىلىم.

*　　　*　　　*

ئالتۇن ۋە ياقۇت، گوھەر ۋە ئالماس،
جاھاندا ئەتىۋار قىممەتلىك مىتال.
تۇغۇلغان ئوسكەن ۋەتەن ئالدىدا،
تاغدەك دوۋىسى كورۇنمەس مىسقال.

*　　　*　　　*

*　　　　*　　　　*

هاراقنى پايدىلىق دەيدۇ بەزىلەر،
تەندىكى يەللەرنى كويىدۇرەر ئىمىش.
ئاز-ئازدىن چېغىدا ئىچسە مەيلىغۇ،
مەس بولۇپ كوچىدا ياتقىنى نىمىش.

ئەسكى پالازنى سورۇشۇپ ئەخمەق
يېڭى بەساتتىن قالدۇ مەھرۇم.

* * *

بۇرۇن ئۆتكەن بىر نادان پەيلاسوپ:
"ئاكاڭنى كىم ئالسا يەڭگەڭ شۇ!" دىگەن.
بەزى ۋىجدانسىز ئاشۇ گەپ بىلەن،
مېھرىۋان ئانىدىن يۈزىنى ئۆرۈگەن.

* * *

ئۆتمۈشتە مېنىمۇ ئەزگەن ھەمىشە،
كونا دۇنيانىڭ زالىم غالچىسى.
نەپرەت ئوقۇيمەن بۈگۈن ئۇ كۈنگە،
يېڭى دۇنيانىڭ بولۇپ جارچىسى.

* * *

كەمتەرلىك كىشىگە ئىلگىرىلەش يولى،
مەغرۇرلۇق ئۆتۈقتىن قىلدۇ يىراق.
كىچىك پېئىل قەدىرلىك، كىبىرلىك خورلۇق،
داھىنىڭ بۇ سوزى قەلبىمگە چىراق.

* * *

كۆرەشسىز جاھاننى دىمەي قوي جاھان،
تىپ-تىنىچ ياتماقلىق مۇردىنىڭ ئىشى.
كۆرەشتىن سۇ ئىچەر چاڭقىغان يۈرەك،
چىنىقىش ئوتىدا تاۋلىنار كىشى.

# يۈرەك سوزى

(شېئىرلار)

نىسىم شېھىت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام

مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1980 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1980 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

قاتتىق قەغەز مۇقاۋىلىغىنىڭ باھاسى: 0.97 يۈەن

ئاددىي مۇقاۋىلىغىنىڭ باھاسى: 0.52 يۈەن

# 心　声

（诗　集）

尼木·希伊提著

（维吾尔文）

责任编辑：乌布利·司拉木
责任校对：热西提·瓦依提

民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米 1/32　印张：8 3/4
1980年 1月 第1版
1980年1月 北京 第1次印刷

纸面布脊精装本印数：1--200册
定价：0.97元
平装本印数：1－11,100册
定价：0.52元
书号：M10049(4)75